شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报

(维文)

(ۋەكالەت نومۇرى 1 — 57)

1987 - يىل
دېكابىر
7
(دۈشەنبە)

ئۈرۈمچىدە كۈندۈزى ۋە كېچىسى ھاۋا ئوچۇق، بەزىدە بۇلۇتلۇق بولىدۇ. تېمپېراتۇرا 5°C -- -11°C بولىدۇ. 3 بال شامال چىقىدۇ.

ئاپتونوم رايونىنىڭ تۆمۈريول بويلىرىدىكى يېزىلارغا ئەقلىي كۈچ جەھەتتىن ياردەم بېرىش بويىچە كېڭەشىش يىغىنى ئاياغلاشتى

ئۆز مۇخبىرىمىز جۇ يۈجېن، ئەيمىن خەۋەر قىلىدۇ: ئاپتونوم رايونىنىڭ تۆمۈر يول بويلىرىدىكى يېزىلارغا ئەقلىي كۈچ جەھەتتىن ياردەم بېرىش بويىچە كېڭەشىش يىغىنى ئۈچ كۈن داۋاملىشىپ، مۇشۇ ئاينىڭ 3- كۈنى غەلىبىلىك ئاياغلاشتى.

كېڭەشىش يىغىنىغا قاتناشقان ھەر خىل كەسپىي، تېخنىك خادىملار، ئۇستىلار، دېھش ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر ۋە ئۆز راسخوتى بىلەن ئوقۇپ ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن 17 مىڭ كىشى (قېتىم) قاتناشتى. 300 دىن ئارتۇق پەن- تېخنىكا خادىمى ئىنژېنېرلارنىڭ يەكشەنبىلىك تېخنىكا مۇلازىمەت ئورنىغا قاتنىشىشقا ئۆزىنى تىزىمغا ئالدۇردى، 45 كىشى تەكلىپكە بىنائەن پەن- تېخنىكا جەھەتتە مۇئاۋىن ۋەزىپە ئۆتەشنى تەلەپ قىلدى، يۆتكىلىش، خىزمەتتىن ئىستېپا بېرىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق 107 كىشى ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلار، يېزا- بازار كارخانىلىرىنى ھۆددىگە ئېلىشقا، ئىجارىگە ئېلىشقا، يېڭىدىن قۇرۇشقا قاتنىشىشقا ماقۇل بولدى. تېخنىكا ئۆتۈنۈپ بېرىش، ھۆددىگە ئېلىش ۋە ئارىيەت ھېسابىدا يۆتكىلىش، قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتەش قاتارلىقلار توغرىسىدا 203 پارچە مۇددىئانامە ۋە كېلىشىم ئىمزالاندى. تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىش، مەسلىھەت بېرىش، مۇلازىمەت قىلىش بويىچە 304 تۈردە مۇددىئانامە خاراكتېرلىك كېلىشىم ھاسىل قىلىندى.

بۇ قېتىمقى كېڭەشىش يىغىنى پەن- تېخنىكا باشقۇرۇشنى كەڭ قويۇۋېتىش، پەن- تېخنىكا خادىملىرىنى جانلاندۇرۇش، ئىختىساسلىق كىشىلەر ۋە تېخنىكا ئالماشتۇرۇش بويىچە تەشۋىق قىلىش، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش يىغىنى بولدى. ئورغۇنلىغان كىشىلەر بۇ قېتىمقى يىغىن ئارقىلىق پەن- تېخنىكا ئىسلاھاتى ۋە تۈرلۈك ئىقتىسادىي ئۇچۇرلاردىن خەۋەر تاپتى. بۇ، «بىلىمگە، ئىختىساسلىق كىشىلەرگە ھۆرمەت قىلىش»، «ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشتا پەن- تېخنىكىغا تايىنىش، پەن- تېخنىكا ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشقا يۈزلىنىش» ئىجتىمائىي كەيپىياتىنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئىجابىي تەسىر كۆرسەتكۈسى.

ئاپتونوم رايونىنىڭ سوغۇققا تاقابىل تۇرۇش- ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش يۈزىسىدىن ئېچىلغان جىددىي تېلېفون يىغىنى پۈتۈن شىنجاڭدىكى
ھەر مىللەت خەلقىگە مۇنداق چاقىرىق چىقاردى:

بىرنىيەتتە ھەمكارلىشىپ، سوغۇقتىن مۇداپىئە كۆرۈش- ئاپەتكە قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە ئاتلىنىش لازىم

ئاپتونوم رايونلۇق سوغۇقتىن مۇداپىئە كۆرۈش- ئاپەتكە قارشى تۇرۇش قوماندانلىق شتابى قۇرۇلدى

ئۆز مۇخبىرىمىز يەن مىڭ خەۋەر قىلىدۇ: ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى 12- ئاينىڭ 5- كۈنى چۈشتىن كېيىن، شىنجاڭ بويىچە سوغۇققا تاقابىل تۇرۇش- ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش يۈزىسىدىن جىددىي تېلېفون يىغىنى ئېچىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ۋە ھەر مىللەت خەلقىنى 13- قۇرۇلتاي روھىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، بىرنىيەتتە ھەمكارلىشىپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، سوغۇقتىن مۇداپىئە كۆرۈش- ئاپەتكە قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە پائال ئاتلىنىپ، خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال-مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە، 1988- يىلى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتىن ئۇدا مول ھوسۇل ئېلىش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشۇشقا ھەقىقىي تۈردە كاپالەتلىك قىلىشقا چاقىردى. مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ ئېنماۋ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى سوڭ خەنلياڭ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت يىغىنغا قاتناشتى ۋە يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى. يىغىنغا يولداش سوڭ خەنلياڭ رىياسەتچىلىك قىلدى. ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يۈسۈپ مۇھەممەدى «سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، سوغۇقتىن مۇداپىئە كۆرۈش- ئاپەتكە قارشى تۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، 1988- يىلى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتىن ئۇدا مول ھوسۇل ئېلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى» دېگەن تېمىدا سەپەرۋەرلىك دوكلاتى بەردى.

بۇ يىل كۈز كىرگەندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىنىڭ كېلىماتى نورمال بولمىدى، ھاۋا رايىدا ئىككى قېتىم ئاپەت خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش يۈز بەردى. 10-ئاينىڭ 7-كۈنىدىن 17-كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتا ھاۋارايىدىكى بىر قېتىملىق ئاپەت خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش كۆزگى بۇغداي تېرىلغۇسى ۋە بىر قىسىم كۆزلۈك زىرائەتلەرنى يىغىۋېلىش پەيتىگە توغرا كېلىپ، دېھقانچىلىققا ناھايىتى ئېغىر تەسىر يەتكۈزدى. 10- ئاينىڭ 24- كۈنىدىن 28- كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتا پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرى بىر قېتىملىق كۈچلۈك سوغۇق ھاۋا ئېقىمىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، تېمپېراتۇرا جىددىي تۆۋەنلەپ كەتتى. بۇ دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان 2- قېتىم يۈز بەرگەن ئەھۋال بولۇپ، ئۇنىڭ ۋاقتىمۇ بالدۇر، يۈز بېرىشىمۇ تەساددىپى بولدى. ئۇ، ئۇششاق چارۋا ماللارنى ئورۇقلاندۇرۇش، چوڭ چارۋا ماللارنى

(ئاخىرى 4- بەتتە)

شىنجاڭنىڭ بىناكارلىقىدا زامانىۋى پەن- تېخنىكىنى قوللىنىپ، دەۋر قىياپىتى، مىللىي ئۇسلۇب، يەرلىك ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈش لازىم

ئۆز مۇخبىرىمىز شى جيەن خەۋەر قىلىدۇ: يېقىندا زامانىۋىلاشقان، نەپىس ھەم مىللىي ئۇسلۇبقا ئىگە ئاپتونوم رايونلۇق بىناكارلىق- قۇرۇلۇش لايىھىلەش يۇرتىنىڭ بىناسى ئۈرۈمچىنىڭ [illegible] يولىدا [illegible]

ئۆتتۈش كېرەككى، بىر قەدەر ياخشى بىناكارلىق- قۇرۇلۇش لايىھىسى ئۆزلۈكسىز مەيدانغا كېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىناكارلىق- قۇرۇلۇشتا دورامچىلىق ئەھۋاللىرى كۆرۈلمەكتە. ئاز ساندىكى يولداشلار [illegible]

ئىسراپ قىلىۋەتتى. ئۇ مۇنداق دېدى: شىنجاڭنىڭ بىناكارلىق- قۇرۇلۇشىدا زامانىۋىلاشتۇرۇش بىلەن مىللىي ئۇسلۇبنى ئۆز- ئارا بىرلەشتۈرۈش يولىدا مېڭىش لازىم. بىناكارلىق- قۇرۇلۇش خادىملىرى [illegible]

شىدىكى ئالاھىدىلىكنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ- تەتقىق قىلىشى، تەھلىل قىلىشى ۋە ئىزدىنىشى، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئالاھىدىلىكىگە، يەرلىك ئالاھىدىلىككە، مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە قۇرۇلۇش ئۇسلۇبىنى يارىتىشى لازىم. نۆۋەتتە، شىنجاڭ بىناكارلىقىنىڭ ئۇسلۇبى ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكى ئۇس[illegible]

ناسى ئۈرۈمچىنىڭ «ئۇرنۇق» يولىدا قەد كۆتەردى. 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى بۇ ھەشەمەتلىك 17 قەۋەتلىك بىنادا شىنجاڭنىڭ بىناكارلىق-قۇرۇلۇشىدا مىللىي ئۇسلۇب بىلەن يەرلىك ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈش بويىچە سۆھبەت يىغىنى ئېچىلدى.

سۆھبەت يىغىنىدا، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت بىناكارلىق لايىھىلەش خادىملىرى مۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا قويدى: شىنجاڭنىڭ بىناكارلىق - قۇرۇلۇشىدا زامانىۋى پەن - تېخنىكىنى قوللىنىپ، دەۋر قىياپىتى، مىللىي ئۇسلۇب ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈش يولىدا مېڭىش لازىم.

سۆھبەت يىغىنىدا تۆمۈر داۋامەت مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ بىناكارلىق - قۇرۇلۇشىدا گۈللەپ ياشناشتەك مەنزىرە بارلىققا كەلدى، شىنجاڭغا كەلگەن مېھمانلار ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قىياپىتىدە يۈز بەرگەن خۇشاللىنارلىق ئۆزگىرىشلەرنى ماختاشماقتا، شىنجاڭنىڭ بىناكارلىق - قۇرۇلۇش ساھەسىدىكىلەر مىللىي ئۇسلۇب بىلەن يەرلىك ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈش، مىللىي ئۇسلۇب بىلەن زامانىۋىلاشتۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە مەلۇم نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. لېكىن شۇنىمۇ كۆرسىتىپ

رۇلمەكتە. ئاز ساندىكى يولداشلار ئىمارەتلەرنى زىننەتلەشكىلا بېرىلىپ كېتىپ، قۇرۇلۇش مەبلىغىنى

بىناكارلىق - قۇرۇلۇش خادىملىرى ھەرقايسى مىللەتنىڭ ۋە ھەرقايسى رايونلارنىڭ بىناكارلىق - قۇرۇلۇ-

لۇبى ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە ئىزدەنگەندە، چوقۇم تېجەشلىك بولۇشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، مەزمۇن بىلەن شەكىلنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىش لازىم. بىنا لايىھىلىگۈچىلەرنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ياش لايىھىلىگۈچىلەرنى يېتىشتۈرۈشكە، ئاز سانلىق مىللەت لايىھىلىگۈچىلەرنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. بىزدە يەنە مىللىيچە نۇسخا بىلەن زىننەتلەشنى پىششىق بىلىدىغان بىر تۈركۈم پېشقەدەم خەلق ئۇستىلىرى بار، ئۇلارنىڭ ھۈنىرىگە ياخشى ۋارىسلىق قىلمىساق، تاشلىنىپ قېلىش خەۋپى كېلىپ چىقىدۇ.

* * *

ھەربىي رايون ئاچقان ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق قىسىملار كادىرلار يىغىنىدا

13 - قۇرۇلتاي روھىنى قىبلىنامە قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش تەلەپ قىلىندى

ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز ياڭگوڭچېڭ، چېن تەيلەر خەۋەر قىلىدۇ: مۇشۇ ئاينىڭ 2-كۈنى چۈشتىن كېيىن، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق قىسىملار كادىرلار يىغىنىنى ئېچىپ، ئاپتونوم رايونلۇق 2 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، كوماندىر-جەڭچىلەردىن 13-قۇرۇلتاي روھىنى قىبلىنامە قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەپ، شىنجاڭنىڭ تىنچ - ئىتتىپاقلىق چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇشنى تەلەپ قىلدى.

شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى تۇرسۇن مامۇتوۋ بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ روھىنى يەتكۈزگەندىن كېيىن، مۇنداق دېدى: بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ روھىنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش-شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملارنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى. 13-قۇرۇلتاينىڭ روھىنى ئۆگىنىشكە بىرلەشتۈرۈپ، قىسىملارنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئۆز-ئۆزىنى تەربىيىلەشكە تەشكىللەش، كادىرلار ۋە جەڭچىلەرنى «ئارمىيە ھەر مىللەت خەلقىدىن ئايرىلالمايدۇ، ھەر مىللەت خەلقى ئارمىيىدىن ئايرىلالمايدۇ» ئىدىيىسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇشقا يېتەكلەش، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى قىسىملاردا «ھەممە ئادەم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇش، ھەممە ئادەم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى سۆزلەش، ھەممە ئادەم مىللىي سىياسەتنى بىلىش، ھەممە ئادەم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىش» تەك يېڭى ۋەزىيەتنى يارىتىش لازىم.

ھەربىي رايوننىڭ سىلىڭيۈەنى گاۋخۇەنچاڭ، ھەربىي رايوننىڭ سىياسىي كومىسسارى تاڭگۇاڭسەيلەر يىغىنغا قاتنىشىپ ھەمدە سۆز قىلدى.

* * *



خوتەن شۆبە ھەربىي رايوننىڭ سىياسىي كومىسسارى بېي يۈەنجى دائىم يېزىلارغا بېرىپ، خەلق ئەسكەرلىرىنى ناماراتلارغا يار-يۆلەك بولۇشقا سەپەرۋەر قىلىش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىپ كەلمەكتە. سۈرەتتە: ئۇ خەلق ئەسكەرلىرى بىلەن سۆھبەتلەشمەكتە.

ليۇخۇيمىڭ فوتوسى

* * *

قەشقەر ۋىلايىتىدە بۇ يىل 330 مىڭ توننىدىن كۆپرەك سىلوس ياسالدى

ئۈرۈمچى مۇخبىرىمىز ئابلىكىم ھېلىم خەۋەر قىلىدۇ: قەشقەر ۋىلايىتىدە بۇ يىل 11- ئاينىڭ 10- كۈنىگىچە ياسالغان سىلوس 339 مىڭ توننىغا يېتىپ، ئۆتكەن يىلنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 6·8 ھەسسە ئېشىپ، شىنجاڭ بويىچە سىلوس ئومۇمىي مىقدارىنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر ئۆلچەملىك چارۋا (بەش قوي، بىر كالا)غا سوندۇرغاندا، 200 كىلوگرامدىن سىلوس توغرا كەلدى. بۇ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ ئۆلچىمىدىن 50 كىلوگرام ئارتۇق.

بۇ ۋىلايەتتىكىلەر دېھقانچىلىق رايونلىرىدا چارۋا مال بېقىشنى ئاساس قىلىدۇ. ۋىلايەت بويىچە 4 مىليون 200 مىڭ تۇياق چارۋا مالنىڭ 3 مىليون 700 مىڭ تۇياقتىن كۆپرەكى دېھقانچىلىق رايونلىرىدا بېقىلىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، جايلار قوناق شېخىدىن، قومۇشتىن پايدىلىنىپ سىلوس ياساش ئارقىلىق چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق شەرت ھازىرلىدى. بۇلتۇر ۋىلايەت بويىچە 50 مىڭ توننا سىلوس ياسالغانىدى.

بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، مۇناسىۋەتلىك تارماقلار يېزىلارنىڭ 200 دىن ئارتۇق ئوت-چۆپ توغراش ماشىنىسىنى رېمونت قىلىپ بەردى. 1400 دىن ئارتۇق ئوت-چۆپ توغراش ماشىنىسىنى سىلوس ياساشقا ئاجراتتى. ۋىلايەت بويىچە 30 مىڭدىن ئارتۇق سىلوس ئورىسى ياسالدى. بۇنىڭ بىلەن سىلوس بېسىشقا پۇختا ئاساس يارىتىلىپ، ئەتىيازدا ئوت-چۆپ يېتىشمەسلىك زىددىيىتى ھەل بولدى.

* * *

بايىنغولىن ئوبلاستىدا ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىلارنى ھۆددىگە بېرىش سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلدى

ئۈرۈمچى مۇخبىرىمىز ئوسمان يۈسۈپ خەۋەر قىلىدۇ: بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدا ئوبلاستلىق 1- ترانسپورت شىركىتى، ئوبلاستلىق «1- ئىيۇل» كۆن- خۇرۇم زاۋۇتى، ئوبلاستلىق قەغەز زاۋۇتى، يەنجى توقۇمىچىلىق زاۋۇتى ۋە ئوبلاستلىق يېمەكلىكلەر، كۆكتات مۇلازىمەت شىركىتى قاتارلىق ئالتە كارخانا تۇنجى تۈركۈمدە ھۆددىگە بېرىش بويىچە سىناق نۇقتىسى قىلىندى.

بۇ كارخانىلارنى ھۆددىگە ئالغۇچىلار مۇتەخەسسىسلەردىن تەشكىللەنگەن باھالاش ھەيئىتى تەرىپىدىن مۇزاكىرە قىلىش، ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتىگە مەلۇم قىلىش ئارقىلىق بېكىتىلدى. 11-ئاينىڭ 19-كۈنى ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى چاقىرغان چوڭ يىغىندا كارخانىلارنى ھۆددىگە ئالغۇچىلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى ھۆددىگەرلىك توختامنامىسىگە ئىمزا قويدى. بۇ ئالتە كارخانا ھۆددىگە بېرىلگەن مەزگىلدە دۆلەتكە 1 مىليون 15 مىڭ يۈەن پايدا تاپشۇرىدۇ؛ تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە 6 مىليون 970 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالىدۇ؛ بانكىدىن ئالغان 6 مىليون 232 مىڭ يۈەن قەرزنى قايتۇرىدۇ؛ ئۆزلىرىگە قالدۇرغان پايدا ئومۇمىي سوممىسى 534 مىڭ يۈەن، مۇكاپات فوندى ئومۇمىي سوممىسى 870 مىڭ 500 يۈەن بولىدۇ.



شىنجاڭ «1 - ئىيۇل» پاختا - توقۇمىچىلىق باش زاۋۇتىنىڭ 2 - پاختا توقۇمىچىلىق زاۋۇتى ئەلا سۈپەتلىك پاختا رەخت توقۇشتىكى ئۈستۈنلۈكىدىن پايدىلىنىپ، ئېكسپورت ئۈچۈن سېپتا پاختا يىپلارنى ئىشلەپچىقاردى. بۇ يىپلار خەلقئارادا بازار تاپتى. ئۇنىڭدىن يارىتىلغان تاشقى پېرېۋوت سوممىسى 2 مىليون 478 مىڭ دوللارغا يەتتى.

سۈرەتتە: ئىشچىلار ئەستايىدىل مەشغۇلات ئېلىپ بېرىپ، سۈپەت ئۆتكىلىنى چىڭ تۇتماقتا.

جاۋيىشىن فوتوسى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «دورا باشقۇرۇش قانۇنى» نى يولغا قويۇش چارىسى

(1987 - يىل 11 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 29 - سانلىق يىغىنىدا ماقۇللانغان)

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ

ئېلانى

(1987 - يىل 11 - ئاينىڭ 23 - كۈنى)

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «دورا باشقۇرۇش قانۇنى» نى يولغا قويۇش چارىسى» ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 29-سانلىق يىغىنىدا 1987 - يىل 11 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ماقۇللاندى، ھازىر ئېلان قىلىندى.

بىرىنچى باب ئومۇمىي پرىنسىپ

1 - ماددا بۇ چارە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دورا باشقۇرۇش قانۇنى» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «دورا باشقۇرۇش قانۇنى» دەپ ئاتىلىدۇ)غا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈلدى.

2 - ماددا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك سەھىيە مەمۇرىي تارماقلىرى ئۆز مەمۇرىي رايونلىرىنىڭ دورىلارنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش خىزمەتلىرىنى ئاساسلىق ئىدارە قىلىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك تىببىي دورا باشقۇرۇش تارماقلىرى ئۆز مەمۇرىي رايونلىرىنىڭ دورا ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت قىلىش ئىشلىرىدىن دۆلەت ئايرىم بەلگىلىمە چىقارغانلاردىن باشقىلىرىنى ئاساسلىق ئىدارە قىلىدۇ.

3 - ماددا ئاپتونوم رايون ھازىرقى زامان دورىگەرلىكى ۋە ئەنئەنىۋى دورىگەرلىكنى پائال راۋاجلاندۇرىدۇ، ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ مىللىي دورىگەرلىكىنى تىرىشىپ تەرەققىي قىلدۇرىدۇ، ياۋايى دورا ماتېرىياللىرى بايلىقىنى ئاسرايدۇ، جۇڭيى دورا ماتېرىياللىرى ۋە مىللىي دورا ماتېرىياللىرىنى ئۆستۈرۈشكە ئىلھام بېرىدۇ.

ئىككىنچى باب دورا ئىشلەپچىقىرىدىغان

ئىككى يىلدا بىر قېتىم تىزىملىتىش كېرەك. تىزىملىتىش رەسمىيىتى بېجىرىلگەن دورىلارنىڭ تەستىقى ئالاقە نومۇرلىرى كۈچتىن قالدۇرۇلىدۇ.

تەستىقلانغان ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر-سەنئىتى، سۈپەت ئۆلچىمى، دورا بەلگىسى، ئىزاھات مەزمۇنى ۋە ساقلىنىش مۇددىتىنى ئۆزگەرتىشكە توغرا كەلسە، يېڭىباشتىن تەستىقلىتىش كېرەك.

7-ماددا دورىلارنى ئوراپ-قاچىلاشتا قەتئىي «دورا باشقۇرۇش قانۇنى» دىكى بەلگىلىمە بويىچە ئىش كۆرۈش كېرەك. دورىلارنى غەلىتە شەكىلدە ئوراپ-قاچىلاشنى مەنئىي قىلىش كېرەك. ئوراپ-قاچىلاشتا ئىزاھلاپ بېرىش كېرەك، دەپ بەلگىلەنگەن تۈرلەرنى خالىغانچە ئازايتىشقا بولمايدۇ. شېرىكلەشكۈچى كارخانىلار ئىشلەپچىقارغان دورىنىڭ بەلگىسىدە شۇ دورىنى ئىشلەپچىقارغان زاۋۇتنىڭ نامىنى ئەسكەرتىپ قويۇش ھەمدە شېرىكلەشكۈچى زاۋۇتنىڭ نامى ياكى ئۇنىڭ نازارەت قىلغانلىقىنى قوشۇپ يېزىش كېرەك.

ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىشلەپچىقىرىلغان دورىلارنىڭ قېپى ۋە ئىزاھاتىدىكى سۆزلەر ئۇيغۇر، خەنزۇ يېزىقلىرىدا بېسىلىشى كېرەك.

ئۈچىنچى باب دورا تىجارىتى قىلىدىغان كارخانىلارنى باشقۇرۇش

8-ماددا دورا تىجارىتى قىلىدىغان كارخانىلارنى قۇرۇشتا ۋە دورا تىجارىتى كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىشتا، ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك تىببىي دورا باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ ماقۇللىشىدىن ئۆتكۈزۈپ، تەڭ دەرىجىلىك سەھىيە مەمۇرىي تارماقلىرى (ناھىيىدىن تۆۋەن تىجارەت كارخانىلىرى ناھىيە دەرىجىلىك تىببىي دورا باشقۇرۇش تارماقلىرى ۋە سەھىيە مەمۇرىي تارماقلىرى)غا يوللاپ تەستىقلىتىپ، «دورا تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى كارخانىلارغا رۇخسەت قىلىش گۇۋاھنامىسى» ئېلىش ۋە مۇشۇ گۇۋاھنامە بىلەن، سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرىدىن «تىجارەت كىنىشكىسى» ئېلىش كېرەك.

شەخسلەر ياكى شەخسلەر شېرىكلىشىپ دورا تى

ئايرىم ساقلاش، ئايرىم پوكەيگە تىزىش كېرەك.

12- ماددا شەخسلەر ئاچقان ياكى شەخسلەر شېرىكلىشىپ ئاچقان دورىدۇكانلىرى ۋە دورا يايمىلىرىدا سېتىلىدىغان دورا تۈرلىرىنىڭ دائىرىسى ناھىيە دەرىجىلىك سەھىيە مەمۇرىي تارماقلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىغا يولىنىشى، دورىلار كۆرسىتىپ بېرىلگەن يەردىلا سېتىلىشى كېرەك، كوچا-مەھەللىلەرنى ئارىلاپ سېتىش مەنئىي قىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ دورىلارنى توپ سېتىش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ.

تۆتىنچى باب تىببىي داۋالاش ئورۇنلىرىنىڭ دورىلىرىنى باشقۇرۇش

13- ماددا تىببىي داۋالاش ئورۇنلىرى دورا ياساشتا، ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىك سەھىيە مەمۇرىي تارماقلىرىغا تەكشۈرگۈزۈپ ماقۇللىتىپ، ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە مەمۇرىي تارماقلىرىغا تەستىقلىتىپ، «دورا ياساشقا رۇخسەت قىلىش گۇۋاھنامىسى» ئېلىشى كېرەك.

14- ماددا تىببىي داۋالاش ئورۇنلىرى ئۆزلىرى ياسىغان دورىلارنىڭ ياسىلىش قائىدىسى ۋە سۈپەت ئۆلچىمى توغرىسىدىكى ماتېرىياللارنى ۋىلايەت، ئوبلاستتىن يۇقىرى سەھىيە مەمۇرىي تارماقلىرىغا تەكشۈرتۈپ تەستىقلاتقاندىن كېيىن، تەستىقى ئالاقە نومۇرى ئېلىشى ۋە ئۇنى ھەر ئىككى يىلدا بىر قېتىم تىزىمغا ئالدۇرۇشى كېرەك. تىزىمغا ئالدۇرۇلمىغانلارنىڭ تەستىقى ئالاقە نومۇرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ. تەستىقلانغان ياساش قائىدىسى ۋە سۈپەت ئۆلچىمىنى ئۆزگەرتىشكە توغرا كەلسە، يېڭىباشتىن تەستىقلىتىش كېرەك.

15- ماددا تىببىي داۋالاش ئورۇنلىرى كلىنىكىلىق داۋالاشنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، تەستىقى ئالاقە نومۇرى ئالماي ۋاقىتلىق ئاز مىقداردا ياسىغان دورىلارنى ئۆز ئورنىنىڭ دورا ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ۋە ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزۈشى شەرت. بۇ دورىلارنى كلىنىكىلىق داۋالاشتا ئۇزاق مۇددەت ئىشلىتىشكە توغرا كەلسە؛ بۇ چارىنىڭ 14-ماددىسىدىكى بەل

ۋە كوۋيۈەنىنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى بويىچە ئىش كۆرۈش لازىم.

20 - ماددا ئىشلەپچىقىرىلغان (تەييارلانغان)، سېتىلىدىغان، ئىشلىتىلىدىغان دورىلارنىڭ سۈپىتىنى بەلگىلىمە بويىچە تەكشۈرۈش، ئۆلچەمگە توشقانلىرىنىلا سېتىش ۋە ئىشلىتىشكە رۇخسەت قىلىش كېرەك. سۈپەت جەھەتتە مەسىلە ۋە ھادىسە كۆرۈلسە، زورۇر تېپىلغاندا، شۇ جايدىكى تەڭ دەرىجىلىك سەھىيە مەمۇرىي تارماقلىرىنىڭ نازارەت قىلىپ بىر تەرەپ قىلىشىغا مەلۇم قىلىش كېرەك.

21 - ماددا دورا تىجارىتى قىلىدىغان كارخانىلار ۋە تىببىي داۋالاش ئورۇنلىرىغا سۈپەت تەكشۈرگۈچىلەرنى سەپلەش كېرەك. ئۇلار سېتىۋېلىنغان دورىلارنىڭ نامى، ئۆلچىمى، مىقدارى، تىزىملانغان ماركىسى، تەستىقى ئالاقە نومۇرى، تۈركۈم نومۇرى، زاۋۇت نامى ۋە ئۆلچەمگە توشقانلىق گۇۋاھنامىسى قاتارلىقلارنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزىۋالىدۇ؛ جۇڭيى دورا ماتېرىياللىرىنىڭ تەبىئىتى ۋە ھالىتىنى تەكشۈرۈپ باھالاپ، ئۇلارنىڭ راست - يالغانلىقى، ياخشى - ناچارلىقىنى ئايرىپ بېرىدۇ.

تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرسى كۆرۈلسە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈپ ئالغۇچىلار تاپشۇرۇۋالماسلىقى كېرەك، زورۇر تېپىلغاندا، مال كىرگۈزگۈچى ئورۇن ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك سەھىيە مەمۇرىي تارماقلىرىنىڭ نازارەت قىلىپ بىر تەرەپ قىلىشىغا مەلۇم قىلىشى كېرەك:

(1) سەھىيە مەمۇرىي تارماقلىرىنىڭ تەستىقسىز ئىشلەپچىقىرىلغانلىرى؛

(2) زاۋۇت نامى، تىزىملانغان تاۋار ماركىسى ۋە تەستىقى ئالاقە نومۇرى يالغان بولغانلىرى؛

(3) ئۆلچەمگە توشقانلىق گۇۋاھنامىسى بولمىغانلىرى؛

(4) سۈپىتى ئۆزگىرىپ كېتىش، كۈچىدىن قېلىش ۋە بۇلغىنىشقا ئوخشاش سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تاشقى كۆرۈنۈشى بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىرى؛

(5) ئىشلىتىش ئىزاھاتى بولمىغانلىرى؛

(6) ئوراپ - قاچىلىنىشى ۋە بەلگىسى بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن كەلمىگەنلىرى.

ئالتىنچى باب مىللىيچە دورىلارنى باشقۇرۇش

ئىككىنچى باب دورا ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلارنى باشقۇرۇش

4- ماددا جايلاردورا ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلارنى قۇرۇشتا، ئاپتونوم رايونلۇق تىببىي دورا باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ تەكشۈرۈشى ۋە ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە مەمۇرىي تارماقلىرىنىڭ تەكشۈرۈشىگە يوللاپ تەستىقلاتقاندىن كېيىن، «دورا ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسى قۇرۇشقا رۇخسەت قىلىش گۇۋاھنامىسى» ئېلىشى ۋە مۇشۇ گۇۋاھنامە بىلەن سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرىدىن «تىجارەت كېنىشكىسى» ئېلىشى كېرەك.

5 - ماددا دورا ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلارغا ئالاقىدار خادىملارنى سەپلەشتە تۆۋەندىكىلەرنى ئورۇنلاش لازىم:

(1) دورا ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى ۋە سۈپىتىگە مەسئۇل بولغان زاۋۇت باشلىقى ۋە تارماق مەسئۇلى فىراۋىزور ياكى ياردەمچى ئىنژېنېرلىقتىن يۇقىرى تېخنىكا ئۇنۋانىغا ئىگە بولۇشى لازىم؛

(2) دورا سۈپىتىنى تەكشۈرگۈچىلەر چوقۇم ئوتتۇرا تېخنىكومدىن يۇقىرى دورىگەرلىك كەسپىي بىلىمىگە ئىگە بولۇشى ھەمدە دورا تەكشۈرۈش تېخنىكىسى بويىچە تەربىيىلەنگەن، دورا تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان بولۇشى لازىم؛

(3) ئىشلەپچىقىرىش تېخنىك ئىشچىلىرى شۇ ئىشلەپچىقىرىش تەرتىپى تېخنىكىسى بويىچە تەربىيىلەنگەن، ئۆز ئىش ئورنىنىڭ كەسپىي تېخنىكىسىنى ئىگىلىگەن بولۇشى لازىم؛

دورا ياسىغۇچى تېخنىكا خادىملىرى، سۈپەت تەكشۈرگۈچىلەر ۋە تېخنىك ئىشچىلار قوشۇنىنىڭ نىسپىي تۇراقلىقىنى ساقلاش كېرەك.

6 - ماددا دورا ئىشلەپچىقىرىشتا ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر - سەنئەت قائىدىسى، سۈپەت ئۆلچىمى، دورا بەلگىسى، ئىزاھاتى ۋە ساقلىنىش مۇددىتى توغرىسىدىكى ماتېرىياللارنى ئاپتونوم رايونلۇق تىببىي دورا باشقۇرۇش تارماقلىرىغا تەكشۈرگۈزۈپ ماقۇللاتقاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە مەمۇرىي تارماقلىرىغا تەكشۈرگۈزۈپ تەستىقلىتىپ، تەستىقمى ئالاقە نومۇرى ئېلىش ۋە ئۇنى دورىنىڭ ئىچكى-تاشقى قېپىغا بېسىش كېرەك.

تەستىقمى ئالاقە نومۇرى بېرىلگەن دورىلارنى ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە مەمۇرىي تارماقلىرىغا ھەر

شەخسلەر ياكى شەخسلەر شېرىكلىشىپ دورا تىجارىتى قىلغاندا، ناھىيە دەرىجىلىك تىببىي دورا باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ ماقۇللىشىدىن ئۆتكۈزۈپ، ناھىيە دەرىجىلىك سەھىيە مەمۇرىي تارماقلىرىغا تەستىقلىتىپ، «دورا تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا رۇخسەت قىلىش گۇۋاھنامىسى» ئېلىش ھەمدە مۇشۇگۇۋاھنامە بىلەن سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرىدىن «تىجارەت كىنىشكىسى» ئېلىش لازىم.

9-ماددا دورا تىجارىتى قىلىشتا تۆۋەندىكى شەرتلەرنى ھازىرلاش لازىم:

(1) ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك دورىلارنى توپ سېتىش كارخانىلىرى فىراۋزوردىن يۇقىرى تېخنىكلار مەسئۇل بولغان سۈپەتنى نازارەت قىلىش ئاپپاراتلىرىنى تەسىس قىلىشى كېرەك؛

(2) ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىك ۋە ناھىيە دەرىجىلىك دورا تىجارىتى قىلىدىغان كارخانىلارغا فارماتسېپتىن يۇقىرى تېخنىكلارنى سەپلەش كېرەك؛

(3) دورىلارنى پارچە سېتىش دۇكانلىرىدىكى تىجارەتچىلەر ۋە يەككە ياكى بىرلىشىپ دورا تىجارىتى قىلغۇچىلار تەربىيىلەنگەن ھەمدە ناھىيە دەرىجىلىك سەھىيە مەمۇرىي تارماقلىرى تەرىپىدىن سىنالغان ۋە تىزىملانغان بولۇشى كېرەك؛

(4) دورا ساقلايدىغان مۇۋاپىق ئورۇن بولۇشى، چاڭ-توزاندىن، نەملىكتىن، بۇلغىنىشتىن، قۇرۇتتىن، چاشقاندىن، ئوردىن ساقلىنىش، تۆۋەن تېمپېراتۇردا ساقلاش قاتارلىق زۆرۈر تەدبىرلەر قوللىنىلىشى لازىم.

10-ماددا دورا تىجارىتىدە سېتىۋېلىش، يۆتكەش، ساقلاش ۋە سېتىش قاتارلىق ھالقىلاردا سۈپەت باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، دورا سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم. دورا تۇشۇشتا دورىلارنى دېھقانچىلىق دورىلىرىغا ئوخشاش ئاسان بۇلغىغۇچى نەرسىلەر بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قاچىلاش مەنئى قىلىنىدۇ.

11- ماددا دورىلارنى پارچە سېتىش بىلەن قوشۇمچە شۇغۇللىنىدىغان كارخانىلارنىڭ رېتسېپقا قاراپ دورا تەييارلىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. سېتىلىدىغان دورا تۈرلىرى دائىرىسىنى ناھىيىدىن يۇقىرى سەھىيە مەمۇرىي تارماقلىرىغا يوللاپ تەكشۈرتۈپ تەستىقلىتىش كېرەك. تىببىي دورا بىلەن قۇرۇتقۇچ، چاشقان ئۆلتۈرۈش دورىلىرى، چارۋا مال دورىلىرى ۋە گىرىم بۇيۇملىرىنى تەڭ سېتىشتا، ئۇلارنى

ئىشكە توغرا كەلسە، بۇ چارىنىڭ 14-ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە ئىش كۆرۈش كېرەك.

16- ماددا دورا ياساشتا تۆۋەندىكى شەرتلەرنى ھازىرلاش لازىم:

(1) دورا ياساش ۋە دورا تەكشۈرۈش كەسپىگە مەسئۇل خادىملار فارماتسېپتىن يۇقىرى تېخنىكا خادىملىرىدىن بولۇشى شەرت؛

(2) دورا سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان ئورۇن، ئۈسكۈنە ۋە تازىلىق شارائىتى بولۇشى كېرەك؛

(3) مۇناسىپ دورا تەكشۈرۈش بۆلۈمى بولۇشى شەرت.

جۇڭيى دورىلىرىنى ياساشتا، يۇقىرىقى ئۈچ شەرتنى ھازىرلىغاندىن سىرت، ئۇنى يەنە خام ئەشيالارنى تاللاش، رەتلەش، پاكىز يۇيۇش، قۇرۇتۇش، پىشىقلاپ ئىشلەش، باكتېرىيىسىزلەندۈرۈش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

17- ماددا تىببىي داۋالاش ئورۇنلىرى ياسىغان دورىلارنى بازاردا سېتىشقا بولمايدۇ. ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىك سەھىيە مەمۇرىي تارماقلىرىنىڭ تەستىقى بىلەن قۇرۇلغان مەركىزىي دورا ياساش بۆلۈمى ياسىغان ئوكۇل سۇيۇقلۇقىنى بەلگىلەنگەن رايون دائىرىسىدىكى دوختۇرخانىلاردا ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

18- ماددا شەخسلەر ئاچقان ياكى شەخسلەر شېرىكلىشىپ ئاچقان شىپاخانىلاردا ئىشلىتىلىدىغان دورا تۈرلىرىنى ناھىيە دەرىجىلىك سەھىيە مەمۇرىي تارماقلىرىغا يوللاپ تەستىقلىتىش كېرەك.

بەشىنچى باب دورا باشقۇرۇش

19 - ماددا يېڭى دورىلارنى تەتقىق قىلىپ ياساش ۋە ئىشلەپچىقىرىشتا «دورا باشقۇرۇش قانۇنى» نىڭ 21 -، 22 - ماددىلىرىدىكى بەلگىلىمىلەر ۋە گوۋۇيۈەننىڭ سەھىيە مەمۇرىي تارماقلىرى ئېلان قىلغان «يېڭى دورىلارنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش چارىسى» دىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە ئىش كۆرۈش كېرەك. تىببىي داۋالاش ئورۇنلىرى ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە مەمۇرىي تارماقلىرىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ، يېڭى دورىلارنى ئۆزئالدىغا كلىنىكىلىق داۋالاشتا تەجرىبە قىلماسلىقى ياكى دەلىللىمەسلىكى كېرەك.

ئىمپورت ۋە ئېكسپورت قىلىنىدىغان دورىلار، ناركوز قىلىش دورىلىرى، روھىي كېسەللىكلەر دورىلىرى، زەھەرلىك دورىلار ۋە رادىئوئاكتىپلىق دورىلارنى باشقۇرۇشتا قەتئىي «دورا باشقۇرۇش قانۇنى»

22 - ماددا مىللىيچە دورا تىجارىتى قىلىدىغان شەخسلەر ياكى شېرىكلىشىپ تىجارەت قىلىدىغان شەخسلەر «دورا تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا رۇخسەت قىلىش گۇۋاھنامىسى» ئالمىسىمۇ بولىدۇ، بىراق، «تىجارەت كېنىشكىسى» ئېلىشى، تىجارەت قىلىدىغان دورىلارنىڭ تەبىئىتى، تەمى، رولى، ئىشلىتىلىش ئۇسۇلى، مىقدارى، دىققەت قىلىدىغان ئىشلارنى پىششىق بىلىشى ھەمدە مۇشۇ چارىنىڭ 12 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە رىئايە قىلىشى كېرەك. مىللىيچە دورا تىجارىتى قىلىدىغانلاردىن باشقا قوشۇمچە جۇڭيى - شىيى دورىلىرى تىجارىتى قىلىدىغانلىرى بۇ چارىنىڭ 8 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە ئىش كۆرۈشى كېرەك.

23 - ماددا سېتىلىدىغان ۋە ئىشلىتىلىدىغان مىللىيچە دورىلاردىن دۆلەت ياكى ئاپتونوم رايوننىڭ دورا ئۆلچىمىگە كىرگۈزۈلگەنلىرىنىڭ سۈپىتى شۇ ئۆلچەمدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك. سۈپەت ئۆلچىمى بولمىغان دورىلارغا ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە مەمۇرىي تارماقلىرى مەسئۇل بولۇپ ئۆلچەم بېكىتىپ بېرىدۇ.

24- ماددا مىللىيچە تىببىي داۋالاش ئورۇنلىرى ياسىغان دورىلارنىڭ سۈپىتىنى تەكشۈرۈش، ئۆلچەمگە ئۇيغۇن كەلگەنلىرىنىلا ئىشلىتىش كېرەك. تەكشۈرۈش شارائىتى ھازىرلانمىغان بولسا، دورا تەييارلىنىدىغان ماتېرىياللارنىڭ سۈپىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش، ھۈنەر-سەنئەت، مەشغۇلات قائىدىلىرىنى مۇقىملاشتۇرۇشقا ئوخشاش سۈپەتنى كونترول قىلىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك.

دورىلارنى مۇۋاپىق شارائىتتا ساقلاش، قەرەللىك تەكشۈرۈپ تۇرۇش، كۆكىرىپ كەتكەن، سېسىپ قالغان ۋە سۈپىتى ئۆزگىرىپ كەتكەنلىرىنى ئىشلىتىۋەرمەسلىك كېرەك.

تەييارلانغان دورىلار بىلەن باشقا داۋالاش ئورۇنلىرىنى ياكى مىللىي تېۋىپلارنى تەمىنلەشكە بولىدۇ.

25- ماددا ئاپتونوم رايونىمىزدا يەرلىك سودا بويىچە ئىمپورت قىلىنغان مىللىيچە دورىلارنى ئىمپورت قىلغۇچى ئورۇنلار ئاپتونوم رايونلۇق دورا تەكشۈرۈش ئاپپاراتىنىڭ تەكشۈرۈشىگە مەلۇم قىلىدۇ، ئۆلچەمگە توشمىغانلىرىنى سېتىشقا ۋە ئىشلىتىشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

(بېشى 2 - بەتتە)

تىببىي داۋالاش ئورۇنلىرى ئۆز ئالدىغا سېتىۋالىدىغان مىللىيچە دورىلارنى ئۆز جايىدىكى دورا تەكشۈرۈش ئاپپاراتىغا تەكشۈرتۈشى، ئۆلچەمگە توشمىغانلىرىنى سېتىۋالماسلىقى لازىم.

يەتتىنچى باب دورىلارنى نازارەت قىلىش

26- ماددا ناھىيىدىن يۇقىرى سەھىيە مەمۇرىي تارماقلىرى دورىلارنى نازارەت قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ. ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيىتى مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

(1) «دورا باشقۇرۇش قانۇنى» ۋە مۇشۇ چارىنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ نازارەت قىلىش، «دورا باشقۇرۇش قانۇنى»غا ۋە مۇشۇ چارىدىگە خىلاپ قىلمىشلارغا مەمۇرىي جازا بېرىشنى قارار قىلىش؛

(2) دورا ئىشلەپچىقىرىش (تەييارلاش)، تىجارەت قىلىش ۋە ئىشلىتىش جەريانىنى تەكشۈرۈپ نازارەت قىلىش؛ يالغان، ناچار دورىلارنى نازارەت قىلىش ۋە بىر تەرەپ قىلىش؛

(3) مۇشۇ چارە بويىچە تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ، «دورا ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىغا رۇخسەت قىلىش گۇۋاھنامىسى»، «دورا تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى كارخانىلارغا رۇخسەت قىلىش گۇۋاھنامىسى» ۋە «دورا ياساشقا رۇخسەت قىلىش گۇۋاھنامىسى»نى تارقىتىش.

ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە مەمۇرىي تارماقلىرى دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزدا دورا ئۆلچىمىنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ.

27- ماددا ناھىيىدىن يۇقىرى سەھىيە مەمۇرىي تارماقلىرىنىڭ دورا تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرى گوۋۇيۈەننىڭ سەھىيە مەمۇرىي تارماقلىرى ئېلان قىلغان دورا تەكشۈرۈش خىزمىتىگە دائىر بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئۆز جايلىرىدا دورىلارنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىش-تەكشۈرۈش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ.

دورا ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى، دورا تىجارىتى قىلىش كارخانىلىرى ۋە تىببىي داۋالاش ئورۇنلىرى دورا تەكشۈرۈش خىزمىتىدە ئۆز جايىدىكى دورا تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرىنىڭ كەسپىي يېتەكچىلىكىنى

«دورا ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىغا روخسەت قىلىش گۇۋاھنامىسى»، «دورا تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى كارخانىلارغا روخسەت قىلىش گۇۋاھنامىسى» ۋە «دورا ياساشقا روخسەت قىلىش گۇۋاھنامىسى»نى تارتىۋېلىشقا بولىدۇ.

يالغان دورا ئىشلەپچىقىرىپ ۋە سېتىپ، خەلقنىڭ سالامەتلىكىگە زىيان يەتكۈزگەن شەخسلەر ياكى ئورۇنلاردىكى بىۋاسىتە جاۋابكارلارنىڭ جىنايى ئىشلار جاۋابكارلىقى جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 164 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

33 - ماددا ناچار دورىلارنى ئىشلەپچىقارغان ۋە ساتقانلارنىڭ ناچار دورىلىرى ۋە قانۇنسىز تاپاۋەتلىرى مۇسادىرە قىلىنىدۇ ھەمدە ئۇلارغا ياخشى دورا قاتارىدا سېتىلغان ناچار دورىلار باھاسىنىڭ 1 — 3 ھەسسىسىگىچە جەرىمانە قويۇلسا بولىدۇ، بىۋاسىتە جاۋابكارلارغا 1000 يۈەندىن ئاز جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىرلىرى ئىشلەپچىقىرىشنى ۋە تىجارەتنى توختىتىپ تەرتىپكە سېلىشقا بۇيرۇلىدۇ ياكى ئۇلارنىڭ «دورا ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىغا روخسەت قىلىش گۇۋاھنامىسى»، «دورا تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى كارخانىلارغا روخسەت قىلىش گۇۋاھنامىسى» ۋە «دورا ياساشقا روخسەت قىلىش گۇۋاھنامىسى» تارتىۋېلىنىدۇ.

ناچار دورىلارنى ئىشلەپچىقىرىپ ۋە سېتىپ، خەلقنىڭ سالامەتلىكىگە زىيان يەتكۈزۈپ، ئېغىر ئاقىۋەت كەلتۈرگەن شەخسلەر ياكى ئورۇنلاردىكى بىۋاسىتە جاۋابكارلارنىڭ جىنايى ئىشلار جاۋابكارلىقى جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 164 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

34 - ماددا «دورا ئىشلەپچىقارغۇچى كارخانىلارغا روخسەت قىلىش گۇۋاھنامىسى»، «دورا تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى كارخانىلارغا روخسەت قىلىش گۇۋاھنامىسى» ۋە «دورا ياساشقا روخسەت قىلىش گۇۋاھنامىسى»نى ئالماي تۇرۇپ، دورا ئىشلەپچىقارغان، ساتقان ياكى ياسىغانلار ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەتنى توختىتىشقا بۇيرۇلىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممە دورىلىرى ۋە قانۇنسىز تاپاۋەتلىرى مۇسادىرە قىلىنىدۇ ھەمدە ئۇلارغا قانۇنسىز ئىشلەپچىقارغان، ساتقان ياكى ياسىغان دورا باھاسىنىڭ 3 — 5 ھەسسىسىگىچە جەرىمانە قويۇلىدۇ، بىۋاسىتە جاۋابكارلارغا 2000 يۈەندىن

خانىلىرىغا شۇ دورىلار باھاسىنىڭ 1 — 3 ھەسسىسىگىچە قويسا بولىدۇ؛ دورىلار باھاسى بويىچە بەلگىلىگىلى بولمايدىغانلىرىغا 1000 — 10 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ بىۋاسىتە جاۋابكارلارغا 300 يۈەندىن ئاز جەرىمانە قويۇلىدۇ.

36 - ماددا مەمۇرىي جازا بېرىشنى قارار قىلىش ھوقۇقى «دورا باشقۇرۇش قانۇنى»نىڭ 54 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە بولىدۇ.

جازالانغۇچى مەمۇرىي جازا بېرىش قارارىغا قايىل بولمىسا، «دورا باشقۇرۇش قانۇنى»غا ۋە بۇ چارىدىگە خىلاپلىق قىلىنىپ، دورا بىلەن زەھەرلىنىش ھادىسىسى پەيدا قىلىنغانلىقتىن، زەخمەت چەككۈچى زىيىنىنى تۆلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان بولسا، «دورا باشقۇرۇش قانۇنى» نىڭ 55 -، 56 - ماددىلىرىدا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە ئايرىم - ئايرىم بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

توققۇزىنچى باب قوشۇمچە پرىنسىپ

37 - ماددا بۇ چارىدە كۆرسىتىلگەن دورا ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى ۋە دورا تىجارىتى قىلىش كارخانىلىرى ئاپتونوم رايون ئىچى ۋە سىرتىدىكىلەر شېرىكلىشىپ قۇرغان كارخانىلار، جۇڭگو بىلەن چەتئەل مەبلىغى بىلەن قۇرۇلغان كارخانىلار ۋە چەتئەل مەبلىغى بىلەن قۇرۇلغان كارخانىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

38 - ماددا بۇ چارە ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

* * *

قوشۇمچە : بۇ چارىدىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن «دورا باشقۇرۇش قانۇنى» نىڭ مۇناسىۋەتلىك ماددىلىرى:

21-ماددا دۆلەت يېڭى دورىلارنى تەتقىق قىلىش ۋە ئىجاد قىلىشقا ئىلھام بېرىدۇ.

يېڭى دورىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئىجاد قىلىشتا، تەتقىق قىلىش ئۇسۇلى، سۈپەت كۆرسەتكۈچى، فارماكولوگىيىلىك تەجرىبە ۋە زەھەرلىك ماددىلارنى تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈش نەتىجىسى توغرىسىدىكى ماتېرىياللار ۋە ئەۋرىشكىلەرنى بەلگىلىمە بويىچە گوۋۇيۈەننىڭ سەھىيە مەمۇرىي تارماقلىرىغا ياكى ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك سەھىيە مەمۇرىي تارماقلىرىغا يوللاپ تەستىقلاتقاندىن كېيىن، ئاندىن كلىنىكىلىق داۋالاشتا سىناق قىلىنىشقا ياكى دەلىللەشكە بولىدۇ.

لۇق، زۆرۈر تېپىلغاندا بەلگىلىمە بويىچە ئەۋرىشكە ۋە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى ئېلىشقا بولىدۇ. بۇنى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار رەت قىلماسلىقى ۋە يوشۇرۇۋالماسلىقى كېرەك. دورا نازارەتچىلىرى دورا ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى ۋە پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى يەتكۈزۈپ بەرگەن تېخنىكا ماتېرىياللىرىنىڭ مەخپىيەتلىكىنى مەسئۇللۇق بىلەن ساقلىشى كېرەك.

54-ماددا بۇ قانۇندا بەلگىلەنگەن مەمۇرىي جازالارنى بېرىشنى ناھىيىدىن يۇقىرى سەھىيە مەمۇرىي تارماقلىرى قارار قىلىدۇ. بۇ قانۇننىڭ 15-ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە، سەككىزىنچى بابنىڭ ئېلانلارنى باشقۇرۇشقا دائىر بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا مەمۇرىي جازا بېرىشنى سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى قارار قىلىدۇ.

مەركەزگە ياكى ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىگە بىۋاسىتە قاراشلىق دورا ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى ۋە دورا تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى كارخانىلارغا ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەتنى يەتتە كۈندىن ئارتۇق توختىتىپ تەرتىپكە سالدۇرۇش جازاسى ياكى «دورا ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىغا رۇخسەت قىلىش گۇۋاھنامىسى» ۋە «دورا تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى كارخانىلارغا رۇخسەت قىلىش گۇۋاھنامىسى» نى تارتىۋېلىش جازاسى بېرىشنى ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك سەھىيە مەمۇرىي تارماقلىرى ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ قارار قىلىشىغا يوللايدۇ. شەھەرلىك، ناھىيىلىك ياكى شەھەر-ناھىيىدىن تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى قارىمىقىدىكى دورا ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى ۋە دورا تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى كارخانىلارغا ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەتنى يەتتە كۈندىن ئارتۇق توختىتىپ تەرتىپكە سالدۇرۇش جازاسى ياكى «دورا ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىغا رۇخسەت قىلىش گۇۋاھنامىسى» ۋە «دورا تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى كارخانىلارغا رۇخسەت قىلىش گۇۋاھنامىسى» نى تارتىۋېلىش جازاسى بېرىشنى شەھەرلىك، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى سەھىيە مەمۇرىي تارماقلىرى ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ قارار قىلىشىغا يوللايدۇ.

مۇسادىرە قىلىنغان دورىلار سەھىيە مەمۇرىي تارماقلىرىنىڭ نازارىتىدە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

55-ماددا جازالانغۇچىلار مەمۇرىي جازا بېرىش

قوبۇل قىلىشى ۋە ئۆز ئورنىنىڭ دورا سۈپىتى ئەھۋالىنى ئاشۇ ئاپپاراتلارغا قەرەللىك مەلۇم قىلىپ تۇرۇشى كېرەك.

28- ماددا دورا سۈپىتىگە باھا بېرىشتە، دورا تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرىنىڭ تەكشۈرۈش دوكلاتلىرى ئاساس قىلىنىدۇ. ھەر قانداق ئورۇن ياكى شەخسنىڭ دورا تەكشۈرۈش دوكلاتىنى يالغاندىن ياساپ چىقىشى، خالىغىنىچە ئۆزگەرتىۋېتىشى مەنئىي قىلىنىدۇ.

29- ماددا ناھىيىدىن يۇقىرى سەھىيە مەمۇرىي تارماقلىرىدا دورا نازارەتچىلىرى قويۇلىدۇ. دورا نازارەتچىلىرى دورىگەرلىك تېخنىكلىرىدىن بولىدۇ، ئۇلارغا شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى تەكشۈرۈپ گۇۋاھنامە تارقىتىپ بېرىدۇ. دورا نازارەتچىلىرى «دورا باشقۇرۇش قانۇنى»نىڭ 47 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمە ۋە گوۋۇيۈەننىڭ سەھىيە مەمۇرىي تارماقلىرى ئېلان قىلغان «دورا نازارەتچىلىرىنىڭ خىزمەت نىزامى» بويىچە خىزمەت قىلىدۇ.

30 - ماددا دورا تەكشۈرگۈچىلەر ۋە دورا نازارەتچىلىرى ئۆز ۋەزىپىسىنى ساداقەتلىك بىلەن ئادا قىلىشى، ئىشتا ئادىل، دۇرۇس، دىيانەتلىك بولۇشى، دورا باشقۇرۇش قانۇن - نىزاملىرىنى توغرا ئىجرا قىلىشى كېرەك. دورا ئەۋرىشكىلىرىنى ئېلىشتا تەكشۈرۈش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش بىلەن چەكلىنىش ھەمدە تىزىمىنى يېزىپ بېرىش كېرەك.

31 - ماددا يېزا - بازارلاردا قوشۇمچە دورا تەكشۈرگۈچىلەر قويۇلىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق يېزا - بازارلاردا دورىلارنى نازارەت قىلىش ۋە تەكشۈرۈشكە مەسئۇل بولىدۇ. دورا تەكشۈرگۈچىلەرنى ناھىيە دەرىجىلىك سەھىيە مەمۇرىي تارماقلىرى سەھىيە تېخنىكلىرىدىن بەلگىلەيدۇ.

سەككىزىنچى باب قانۇن جاۋابكارلىقى

32 - ماددا يالغان دورا ئىشلەپچىقارغان ۋە ساتقانلارنىڭ يالغان دورىلىرى ۋە قانۇنسىز تاپاۋەتلىرى مۇسادىرە قىلىنىدۇ، ئۇلارغا ياخشى دورا قاتارىدا سېتىلغان يالغان دورىلار باھاسىنىڭ 3 — 5 ھەسسىگىچە جەرىمانە قويۇلىدۇ، بىۋاسىتە جاۋابكارلارغا 2000 يۈەندىن ئاز جەرىمانە قويۇلىدۇ. شۇنداقلا مۇشۇ ئورۇنلارنى ئىشلەپچىقىرىشنى ۋە تىجارەتنى توختىتىپ تەرتىپكە سېلىشقا بۇيرۇشقا ياكى ئۇلارنىڭ

ئاز جەرىمانە قويۇلىدۇ.

35 - ماددا «دورا باشقۇرۇش قانۇنى»نىڭ ۋە بۇ چارىنىڭ تىببىي دورا ئىشلەپچىقىرىش (ياساش)، تىجارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇش ئىشلىرىدا دائىر باشقا بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلىپ، تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرەرسىنى سادىر قىلغان ئورۇن ياكى شەخسلەرگە ئەھۋالىغا قاراپ ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلىدۇ ياكى جەرىمانە قويۇلىدۇ:

(1) دورىلارنى دورا ئىشلەپچىقىرىش سۈپىتىنى باشقۇرۇش قائىدىسى تەستىقلانغان ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر - سەنئىتى ۋە سۈپەت ئۆلچىمى بويىچە ئىشلەپچىقارمىغانلار ياكى تەستىقلانغان ئىشلەپچىقىرىش ھۈنەر - سەنئىتى ۋە سۈپەت ئۆلچىمىنى خالىغانچە ئۆزگەرتكەنلەر؛

(2) تەستىقى ئالاقە نومۇرى ئالماي تۇرۇپ، دورا ئىشلەپچىقارغانلار (ياسىغانلار) ياكى تىجارەت قىلىدىغان دورا تۈرلىرىنى سەھىيە مەمۇرىي تارماقلىرىدا تەستىقلاتمىغانلار؛

(3) يەككە ياكى شېرىكلىشىپ دورا تىجارىتى قىلىدىغان شەخسلەردىن مۇشۇ چارىنىڭ 12 - ماددىسىغا خىلاپلىق قىلغانلىرى ياكى ئاچقان شىپاخانىسىدا ئىشلىتىلىدىغان دورا تۈرلىرىنى سەھىيە مەمۇرىي تارماقلىرىدا تەستىقلاتمىغانلار؛

(4) تىببىي داۋالاش ئورۇنلىرىدىن ئۆزى ياسىغان دورىلارنى بازاردا ساتقانلىرى ياكى يېڭى دورىلارنى بەلگىلىمە بويىچە يۇقىرىغا يوللاپ تەستىقلاتماي كلىنىكىلىق داۋالاشتا تەجرىبە قىلغان ياكى دەلىللىگەنلەر؛

(5) دورىلارنى بەلگىلەنگەن شەرت بويىچە ئىشلەپچىقارمىغان (ياسىمىغان)، تىجارەت قىلمىغان ۋە بۆلۈپ قاچىلىمىغانلار؛

(6) ئىشلەپچىقىرىلغان (ياسالغان)، سېتىلىدىغان، سېتىۋېلىنىدىغان، ئىشلىتىلىدىغان ۋە ئىمپورت قىلىنغان دورىلارنى بەلگىلىمە بويىچە تەكشۈرمىگەنلەر ياكى تەكشۈرۈشتە ئۆلچەمگە توشمىغان دورىلارنى زاۋۇتتىن چىقارغان، ساتقان ۋە ئىشلەتكەنلەر؛

(7) «دورا باشقۇرۇش قانۇنى» ۋە بۇ چارىنىڭ مۇناسىۋەتلىك باشقا بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلغانلار.

بۇ ماددىدا بەلگىلەنگەن جەرىمانە سوممىسىنى ئىشلەپچىقارغان (ياسىغان)، ساتقان ۋە ئىشلەتكەن دورىلىرىنىڭ باھاسى بويىچە بەلگىلىگىلى بولىد-

سىناق قىلىشقا ياكى دەلىللەشكە بولىدۇ.

كلىنىكىلىق داۋالاشتا سىنالغان ياكى دەلىللەنگەن ھەمدە باھالاپ بېكىتىلگەن يېڭى دورىلارنى گوۋۇيۈەننىڭ سەھىيە مەمۇرىي تارماقلىرى تەستىقلايدۇ ۋە ئۇنىڭغا گۇۋاھنامە تارقىتىپ بېرىدۇ.

22-ماددا يېڭى دورىنى ئىشلەپچىقىرىشتا، گوۋۇيۈەننىڭ سەھىيە مەمۇرىي تارماقلىرىغا تەستىقلىتىش ھەمدە تەستىقى ئالاقە نومۇرى ئېلىش كېرەك. بىراق، سۈيۈق، تابلېتكىلىق جۇڭيى دورىسى ئىشلەپچىقىرىش بۇنىڭ سىرتىدا.

ئۆلچىمى دۆلەت ياكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەر تەرىپىدىن تۈزۈلگەن دورىلارنى ئىشلەپچىقىرىشتا، ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەرنىڭ دورا ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت قىلىش ئىشلىرىنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلاردىن پىكىر ئالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن تەڭ دەرىجىلىك سەھىيە مەمۇرىي تارماقلىرىغا تەكشۈرتۈپ تەستىقلىتىش ھەمدە تەستىقى ئالاقە نومۇرى ئېلىش كېرەك. لېكىن، سۈيۈق، تابلېتكىلىق جۇڭيى دورىسى ئىشلەپچىقىرىش بۇنىڭ سىرتىدا.

47-ماددا دورا نازارەتچىلىرى ئۆزىگە قاراشلىق رايوندىكى دورا ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى، دورا تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كارخانىلار ۋە تىببىي داۋالاش ئورۇنلىرىنىڭ دورا سۈپىتىنى بەلگىلىمە بويىچە نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش، تاللاپ تەكشۈرۈشكە ھوقۇق-

55-ماددا جازالانغۇچىلار مەمۇرىي جازا بېرىش قارارىغا قايىل بولمىسا، جازا بېرىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن تارتىپ 15 كۈنگىچە خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلسا بولىدۇ. بىراق، ئۇلار سەھىيە مەمۇرىي تارماقلىرىنىڭ دورىلارنى كونترول قىلىش توغرىسىدىكى قارارلىرىنى دەرھال ئىجرا قىلىشى شەرت. مەمۇرىي جازا بېرىش توغرىسىدا قارار چىقارغان ئورگانلار خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ جازا بېرىش قارارىنىمۇ ئادا قىلمىغان، سۈرۈك توشقىچە ئەرزمۇ قىلمىغانلارغا قارارنى مەجبۇرىي ئىجرا قىلدۇرۇشنى ئىلتىماس قىلىدۇ.

56-ماددا بۇ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ، دورا بىلەن زەھەرلىنىش ھادىسىسى پەيدا قىلىپ، باشقىلارغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزگەن ئورۇن ياكى شەخسلەر زىياننى تۆلەشكە جاۋابكار بولۇشى كېرەك. زەخمەت چەككەنلەر ناھىيىدىن يۇقىرى سەھىيە مەمۇرىي تارماقلىرىدىن بىر تەرەپ قىلىشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ؛ زەخمەت چەككۈزگەنلەر قايىل بولمىسا، خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلسا بولىدۇ. زەخمەت چەككەنلەر خەلق سوت مەھكىمىسىگە بىۋاسىتە ئەرز قىلسىمۇ بولىدۇ.

زىياننى تۆلىتىش تەلىپىنى زەخمەت چەككۈچى ياكى ئۇنىڭ ۋەكالەتچىسى ئاڭقىرىغان كۈنىدىن ياكى ئاڭقىرىشى كېرەك بولغان كۈنىدىن تارتىپ بىر يىل ئىچىدە ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەك؛ سۈرۈكتىن ئاشۇرۇپ قويۇلغان تەلەپلەر قوبۇل قىلىنمايدۇ.

قىزىلسۇ ئوبلاستىدىكى مۇپەتتىش تارماقلىرى ئاساسىي قۇرۇلۇش كۆلىمىنى تىزگىنلىدى

قىزىلسۇ ئوبلاستىدىكى ھەر دەرىجىلىك مۇپەتتىش تارماقلىرى ئوبلاست دائىرىسىدىكى ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرىنى ئىش باشلاشتىن بۇرۇن قاتتىق تەكشۈرۈپ، ئاساسىي قۇرۇلۇش كۆلىمىنى تىزگىنلىدى. مەۋقەنى تەكشۈرۈشكە، پىلان سىرتىدىكى قۇرۇلۇشلارنى چەكلەپ، قۇرۇلۇش كۆلىمىنى تىزگىنلەشكە قاراتتى.

بۇ يىلنىڭ بېشىدا، ئوبلاست بويىچە 27 ئورۇن 25 مىڭ كۋادرات مېتىر كۆلەمدىكى 35 ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرىنى ئۆزلىرى مەبلەغ سېلىپ ئىشلەشنى ئىلتىماس قىلغانىدى، مۇپەتتىش ئورۇنلىرى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، يەتتە ئورۇندىكى سەككىز ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرىگە سېلىنغان مەبلەغ مەنبەسى جەھەتتە مەسىلە بارلىقى سېزىلگەندىن كېيىن، بەلگىلىمە بويىچە ئىش كۆرۈپ، بۇ ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرىدىن 6098 كۋادرات مېتىرنى ئازايتتى، بۇنىڭ بىلەن بىر مىليون 390 مىڭ يۈەن مەبلەغ تېجەپ قېلىندى.

يېقىندا، مەلۇم بىر ئورۇن ھېچ قانداق مەبلەغ مەنبەسى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، 1500 كۋادرات مېتىر كۆلەمدە ئىشخانا بىناسى سالماقچى بولۇپ، سۇ قۇرۇلۇشى مەبلىغىدىن ئېشىپ قالغان 155 مىڭ يۈەننى يۆتكەپ ئىشلەتمەكچى بولغان، بۇ ئەھۋال مۇپەتتىش ئورۇنلىرى تەرىپىدىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغاندىن كېيىن، پۇل دۆلەت مالىيىسىگە تاپشۇرۇۋېلىندى. يەنە بىر ئورۇن پىلان، چېرتيوژ، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش رەسمىيەتلىرى بولمىغان ئەھۋالدا، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ياتاق قۇرۇلۇشى سېلىشقا كىرىشكەنىدى، بۇ قۇرۇلۇش بايقالغاندىن كېيىن، دەرھال توختىتىپ قويۇلدى.

ئابدۇقادىر غولام

بازار تەرتىپىنى تەرتىپكە سېلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن دۆلەت سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى تۈنجى تور كۆلەمدە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا تېگىشلىك چوڭ، مۇھىم ئەنزىلەرنى رەتكە تۇرغۇزدى

شىنخۇاشې، بېيجىڭ خەۋىرى. دۆلەت سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ بازار مەھكىمىسى يېقىندا پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ، قانۇنسىز ھالدا 10 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك پايدا ئېلىشقا دائىر ئەنزىلەردىن 85 چوڭ ئەنزىنى مەملىكەت بويىچە تۈنجى تور كۆلەمدە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا تېگىشلىك چوڭ، مۇھىم ئەنزىلەر قاتارىغا كىرگۈزدى، شۇنداقلا 18 ئۆلكىلىك، شەھەرلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە بۇ ئەنزىلەرنى يېقىنقى مەزگىل ئىچىدە تەلتۆكۈس ئېنىقلاپ، بىر تەرەپ قىلماقچى. بۇ، ئالدىنقى باسقۇچلۇق مەملىكەت بويىچە بازار تەرتىپىنى تەرتىپكە سېلىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ۋە داۋاملىشىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىگىلىگەن ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، بۇ 85 چوڭ، مۇھىم ئەنزە ئىچىدە، دۆلەت، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار ۋە مانا پۇل كەسىپلىرىدە يۈز بەرگەن ئەنزە 91 پىرسەنتنى ئىگىلەيدىكەن، بۇنىڭ ئىچىدە تاماكا كەسپىدە يۈز بەرگەن ئەنزە نىسبىتى خېلى زور ئىكەن، ماددىي ئەشيا، ئاشلىق، بانكا تارماقلىرىنىڭ قانۇنغا خىلاپ پائالىيەتلەرگە بىۋاسىتە قاتناشقان ئەھۋاللىرىمۇ خېلىلا ئېغىر ئىكەن. ئەنزىدىكى مەسىلىلەردىن قارىغاندا، مۇھىم ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى ۋە قىس بولۇۋاتقان ئىستېمال بۇيۇملىرىنى ھايىنىغا سېتىش ئەنزىلىرى 66 پىرسەنتنى ئىگىلەيدىكەن. بۇ ئەنزىلەر ئىچىدە يەنە ساختا، ناچار تاۋارلارنى ئىشلەش، سېتىش ئەنزىلىرىمۇ بار ئىكەن.



يىنچۈەن شەھىرىدىكى لۈيىجۇ ئاشخانىسىنىڭ ئاشپىزى دۇەن خۇيپىڭ مۇسۇلمانچە سەي قورۇش تېخنىكىسىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، نىڭشيا بويىچە تۇنجى مۇسۇلمانچە سەي قورۇيدىغان ئالاھىدە دەرىجىلىك ئاشپەز بولۇپ قالدى. ئۇ ھازىر 300 خىلدىن ئارتۇق سەي قورىيالايدۇ.

(شىنخۇاشې)

* * *

ماخاۋ كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى، داۋالىغىلى بولىدۇ، ئۇ قورقۇنۇچلۇق ئەمەس

مۇتەخەسسىسلەر ماخاۋ كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچىلارنى كەمسىتىدىغان ئەنئەنىۋى قاراشلارنى ئۆزگەرتىشنى مۇراجىئەت قىلدى

شىنخۇاشې كۇنمىڭ خەۋىرى. كۇنمىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك 3-قېتىملىق ماخاۋ كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتى يىغىنىغا قاتناشقان مۇتەخەسسىسلەر، جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى ساھەلەرنىڭ بىردەك كۈچ چىقىرىپ، ھەمكارلىشىپ، ئېلىمىزدە ماخاۋ كېسەللىكىنى مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرى تۈگىتىشنى قولغا كەلتۈرۈشنى مۇراجىئەت قىلدى.

كى مىڭ يىللاردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان تارقىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ قورقۇنۇچلۇق ئەمەس. ئېلىمىزمۇ ماخاۋ كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاشتا بۆسۈش خاراكتېرلىك تەرەققىياتقا ئېرىشىپ، مەملىكەت بويىچە 430 مىڭ كىشىنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ ساقايتتى.

مۇتەخەسسىسلەر مۇنداق دەپ ھېسابلىدى: ئېلىمىزدە مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ماخاۋ كېسەللىكىنى تۈگىتىش نۆۋەتتىكى جىددىي ئىش. كىشىلەردىكى ماخاۋ كېسەللىكىنى داۋالىغىلى بولمايدۇ، دەپ قاراپ ئۇنىڭدىن قورقىدىغان ۋە ماخاۋ كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچىلارنى كەمسىتىدىغان ئەنئەنىۋى قاراشلارنى ئۆزگەرتىش لازىم.

* * *

كۇنمىڭ شەھىرىدە ئايروپىلان بېلىتى ھايانكەشلىرى جازالاندى

(بېشى 1 - بەتتە)

قىشلاقلارغا كۆچۈرۈش ۋاقتىدا يۈز بەرگەچكە، چارۋىچىلىققا ئېغىر خەۋپ كەلتۈردى. ھاۋارايىدىكى مۇشۇ ئىككى قېتىملىق ئاپەت خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىققا خەۋپ يەتكۈزۈپلا قالماي، قاتناش - ترانسپورت، ئاشلىق ساقلاش - توشۇش ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىقلارغىمۇ ئېغىر قىيىنچىلىق تۇغدۇردى. ئاپەت يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى سوغۇقتىن مۇداپىئە كۆرۈش - ئاپەتكە قارشى تۇرۇش خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى، ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە تارماقلارغا ۋاقتىدا يوليورۇق بەردى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى لى شۇشەن، جاڭ سىشۈلەر خىزمەت ئەترەتلىرىنى باشلاپ ئىلى ۋە ئالتاي ۋىلايىتىگە بېرىپ، ئاپەت ئەھۋالىنى ئىگىلىدى، ئاپەتكە ئۇچرىغان دېھقان، چارۋىچىلاردىن ھال سورىدى، شۇنداقلا جايلاردىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى بىلەن بىللە سوغۇقتىن مۇداپىئە كۆرۈش - ئاپەتكە قارشى تۇرۇش خىزمىتىنى كونكرېت ئورۇنلاشتۇردى. 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى يولداش سۇڭ خەنلياڭ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتى يىغىنىنى ئېچىپ ۋە رىياسەتچىلىك قىلىپ نۆۋەتتىكى ئاپەت ئەھۋالىنى تەھلىل قىلدى، بۇنىڭغا تاقابىل تۇرىدىغان تەدبىرلەرنى مۇزاكىرە قىلدى. ئالاقىدار تارماقلار ۋە ئورۇنلارمۇ خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ئاساسىي قاتلاملارغا ئەۋەتىپ، نەق مەيداندا مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ۋە ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ ماسلىشىشى، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنىڭ ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش يولىدا كۈچ چىقىرىشى ئارقىسىدا، ئىككى قېتىم يۈز بەرگەن ئېغىر تەبىئىي ئاپەتتە بىر قىسىم زىيانلارنىڭ ئالدى ئېلىندى.

يىغىندا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: ھازىر، بىزنىڭ ئالدىمىزدىكى ۋەزىپە - جىددىي سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، سوغۇقتىن مۇداپىئە كۆرۈش - ئاپەتكە قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە پائال ئاتلىنىشتىن ئىبارەت. ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە تارماقلار ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشى لازىم:

1. ئاپەتكە قارشى تۇرۇپ، مول ھوسۇلنى قولغا كەلتۈرۈش ئىدىيىسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇش لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى، ھەر قايسى تارماقلار ۋە ھەر ساھە، ھەر كەسىپتىكىلەر جىددىي سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، سوغۇقتىن مۇداپىئە كۆرۈش - ئاپەتكە قارشى

كىللەش لازىم. چارۋا ماللارنى ئورۇقلاندۇرۇشنى داۋاملىق چىڭ تۇتۇش كېرەك. شەرت - شارائىتى يار بېرىدىغان ئورۇنلار قىشلاقتا سۈنئىي ئورۇقلاندۇرسىمۇ بولىدۇ، شەرت - شارائىتى يار بەرمەيدىغان ئورۇنلار ياخشى نەسىللىك قوشقارلار ئارقىلىق ئورۇقلاندۇرۇپ، قىسىر قېلىشنى ئىمكان قەدەر ئازايتىش كېرەك.

5. دېھقانچىلىقتا، كۈزگى بۇغداينىڭ قىشتىن ئۆتۈش ئەھۋالىنى قاتتىق تەكشۈرۈپ تۇرۇش لازىم. جايلار ھازىردىن باشلاپ كەم تېرىلغان كۈزگى بۇغداي ئورنىنى تولدۇرۇش تەدبىرلىرىنى قوللىنىشى، ئۇنىڭ ئورنىغا كېلەر يىلى تېرىلىدىغان يازلىق بۇغداي ۋە كۆممىقوناق ئۇرۇقىنى ئوبدان تەييارلىشى كېرەك.

6. قار ياققاندا توسۇلۇپ قالىدىغان يوللاردا كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، چوڭ تىپتىكى ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرنى تەييارلاش، مەخسۇس ئادەم دائىم نۆۋەتچىلىك قىلىش، ئاردىلاپ تەكشۈرۈپ تۇرۇش؛ خەۋپلىك ئەھۋال كۆرۈلگەن ھامان، دەرھال كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ ئۇنى تۈگىتىش، تاشيولنىڭ راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئاشلىق تارماقلىرى ئاشلىق ساقلاش خىزمىتىنى كۈچەيتىشى، سېتىۋېلىش سۈرئىتىنى تېزلىتىشى، ئاشلىق، ياغلىقدانىنى يۆتكەپ توشۇشنى تېزلىتىپ، زىياننى ئازايتىشى كېرەك.

7. خەلق تۇرمۇشىنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. ھەممىدىن ئاۋۋال ئۈششۈپ قالغان دېھقان، چارۋىچىلارنى داۋالاشنى چىڭ تۇتۇش، ئۇلارنىڭ سالامەتلىكىنى تېزدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېرەك. بۇزۇلۇپ كەتكەن ئۆيلەر، سىنىپلارنى تېزدىن رېمونت قىلىش، دېھقان، چارۋىچىلارغا كېرەكلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى مەنبەلىرىنى ئوبدان ئۇيۇشتۇرۇش، ۋاقتىدا توشۇش، تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

8. ھەر ساھە، ھەر كەسىپتىكىلەر سوغۇقتىن مۇداپىئە كۆرۈش - ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىگە ياردەم بېرىشى لازىم. دېھقانچىلىق ئورۇنلىرى ۋە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن بىۋاسىتە ئالاقىدار ئورۇنلار (مەسىلەن، سۇ ئىشلىرى، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى، ھاۋارايى، سودا، تەمىنات - سودا، ئاشلىق، داۋالاش ئورۇنلىرى قاتارلىقلار) نۆۋەتتە سوغۇقتىن مۇداپىئە كۆرۈش - ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىگە پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاتلىنىشى ۋە كېلەر يىللىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تولۇق تەييارلىقلىرىنى ئوبدان ئىشلىشى، ئۆز تارماقلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى، بالدۇر ئويلاپ، بالدۇر ھەرىكەتلىنىپ، بالدۇر تەييارلىق كۆرۈشى لازىم.

ئۆز خەۋىرىمىز: ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوغۇققا تاقابىل تۇرۇش - ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى

مەت بېرىلدى.

مۇتەخەسسىسلەر مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ماخاۋ كېسەللىكى خەلقنىڭ تەن ساغلاملىقىغا ئۇزاقتىن بۇيان ئېغىر دەرىجىدە خەۋپ يەتكۈزۈپ كېلىۋاتقان ئاستا خاراكتېرلىك كېسەللىك بولۇپ، ئۇ ئېلىمىزدە ئىنك

شىنخۇاشې، كۇنمىڭ، 2-دېكابىر تېلېگراممىسى. يۈننەن ئۆلكىلىك خەلق ھاۋا قاتناش ئىدارىسى جامائەت خەۋپسىزلىكى شۆبە باشقارمىسى 12-ئاينىڭ 2-كۈنى يىممەن ئېچىپ، ئايروپىلان بېلىتى ئېلىپ ساتقان يەتتە كىشىنى تۇتۇپ، جەرىمانە قويدى ۋە تەكشۈردى. بۇ ئېلىمىز خەلق ھاۋا قاتناش ئورۇنلىرىنىڭ تۇنجى قېتىم ئايروپىلان بېلىتى ھايانكەشلىرىنى ئوچۇق بىر تەرەپ قىلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، كۇنمىڭ شەھىرىدە بىر قىسىم قانۇنسىز ئۇنسۇرلار ئايروپىلان بېلىتى ھايانكەشلىكى بىلەن شۇغۇللىنىپ، يولۇچىلارنى زىيانغا ئۇچرىتىپ، ئارىدىن پايدا ئېلىپ كەلدى. بەزىلىرى ھەتتا جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىنىمۇ ئايروپىلان بېلىتى بىلەن تەمىنلەپ، جەمئىيەت تەرتىپىنى ئېغىر دەرىجىدە بۇزدى، ئايروپىلاننىڭ بىخەتەر ئۇچۇشىغا خەۋپ يەتكۈزدى.

شياڭگاڭ بويىچە ئەڭ چوڭ تۈرلۈك ماللار شىركىتى — جىجىداۋدا 11-ئاينىڭ 20-كۈنىدىن باشلاپ تىجارەت باشلاندى. بۇ شىركەتنىڭ كۆلىمى 24 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، تۆت قەۋەت. بۇ سودا بىناسىدا مال خىللىرى تولۇق.

سۈرەتتە: شىركەتنىڭ 4-قەۋەتتىن كۆرۈنۈش.

(شىنخۇاشې)

بۈگۈن تېلېۋىزوردا

4-قانال

18:30 دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا: ئەرەب يەمەن جۇمھۇرىيىتىنىڭ 25 يىلى

18:45 مەخسۇس خەۋەر: پۇتسىزنىڭ يولى

19:45 چاتما خەۋەر: ئىسلاھات — ئۈمىد نۇرى (5)

6-قانال

18:43 ھەپتىدە بىر جۈملە سۆز

18:46 مەخسۇس خەۋەر: چوڭ ئوت ئاپىتىدىكى كىچىك ھېكايە

19:35 كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى: گىسارخان (1-قىسىمى)

20:26 جىڭجۈي تىياتىرى

21:11 شىجۈي تىياتىرى

12-قانال

17:40 دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا: جۇڭگونىڭ ھازىرقى زامان ماي بوياق رەسساملىرى ئالبومىدا

18:00 كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى: ئەنجۈردىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى (1-2)

19:50 چىمەنباغ: يۇرتۇمنىڭ يېڭى كۈيى

27-قانال

19:40 كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى: پۇ سۇڭلىڭ (6-، 7-، 8-قىسىملىرى)

(«شىنجاڭ رادىئو-تېلېۋىزىيە گېزىتى» دىن ئېلىندى)

كىنوخانىلاردا

رەڭلىك ھېكايە فىلىم

تۇرمۇشتىكى مارافونچىلار

«خەلق» كىنوخانىسىدا: بۈگۈن ۋە ئەتە 9:30 دا، 11:40 تا، 1:50 تە، 4:00 تە، 6:10 دا، 8:20 دە؛

«تىنچلىق» كىنوخانىسىدا: بۈگۈن ۋە ئەتە 10:00 دا، 12:10 دا، 2:20 دە، 4:30 دا، 6:40 تا.

رەڭلىك ھېكايە فىلىم

ئالۋاستى شەھىرىدىكى ئادەملەر

«بەخت» كىنوخانىسىدا: بۈگۈن ۋە ئەتە 12:20 دە، 2:20 دە، 4:50 تە، 7:10 دا؛

«خەلق» تىياتىرىدا: بۈگۈن ۋە ئەتە 3:10 دا، 5:40 تا.

رەڭلىك ھېكايە فىلىم

ئورمانلىق تاغدىكى تۇنجى ئايال

«1-ماي» كىنوخانىسىدا: بۈگۈن ۋە ئەتە 9:30 دا، 11:40 تا، 1:50 تە، 4:10 دا، 6:20 دە، 8:40 تا؛

«ئوكتەبىر» كۇلۇبىدا: بۈگۈن ۋە ئەتە 10:30 دا، 12:40 تا، 2:50 تە، 5:10 دا، 7:40 تا.

ئامېرىكا بىلەن بۇلغارىيە بىرلىشىپ ئىشلىگەن ھېكايە فىلىم

پادىشاھنىڭ شۆھرىتى

«3-بىناكارلىق كۇلۇبىدا»: بۈگۈن 3:20 دە، 5:40 تا، 8:00 دە، ئەتە 5:40 تا، 8:00 دە؛

«ئىتتىپاق» تىياتىرىدا: بۈگۈن ۋە ئەتە 10:50 تە، 1:00 دە، 3:20 دە، 5:40 تا، 8:00 دە.

دېلىپ، سوغۇقتىن مۇداپىئە كۆرۈش- ئاپەتكە قارشى تۇرۇش خىزمىتىنى 13-قۇرۇلتاي روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتىكى ئەمەلىي ھەرىكەت ۋە نۆۋەتتىكى ئەڭ مۇھىم، ئەڭ تەخىرسىز خىزمەت قاتارىدا قويۇشى، ئۇنى ئەڭ مۇھىم كۈنتەرتىپكە كىرگۈزۈشى لازىم. جايلار بېخۇتلۇق ئىدىيىسى ۋە بوشۇشۇپ كېتىش كەيپىياتىنى تۈگىتىپ، سوغۇقتىن مۇداپىئە كۆرۈش- ئاپەتكە قارشى تۇرۇش جەھەتتە يولغا قويغىلى بولىدىغان ھەقىقىي تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقىشى، ئاممىنى كەڭ كۆلەمدە قوزغاپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، جاپاغا چىداپ كۆرەش قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، تەبىئىي ئاپەت ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشى لازىم. ھەرقايسى جەھەتتىكى كۈچلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئۇلارنى سوغۇقتىن مۇداپىئە كۆرۈش- ئاپەتكە قارشى تۇرۇش كۆرىشىگە پائال ئاتلاندۇرۇش لازىم.

2. كۈچلۈك قوماندانلىق ئاپپاراتىنى ۋە ئىش بېجىردىش ئاپپاراتىنى قۇرۇش لازىم. ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيىلەر سوغۇقتىن مۇداپىئە كۆرۈش- ئاپەتكە قارشى تۇرۇش قوماندانلىق شتابلىرىنى قۇرۇشى، رەھبەرلەر قوماندانلىق قىلىشى، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىنى قاتناشتۇرۇشى، بىر تۇتاش قوماندانلىق قىلىشى، ماسلىشىپ جەڭ قىلىشى لازىم. قوماندانلىق شتابىنىڭ قول ئاستىدا خىل، قاۋۇل كىشىلەردىن تەركىب تاپقان خىزمەت بەنزىسى قۇرۇپ، كۈندىلىك خىزمەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

ھەر دەرىجىلىك سوغۇقتىن مۇداپىئە كۆرۈش- ئاپەتكە قارشى تۇرۇش قوماندانلىق شتابلىرى ۋە ئىشخانىلىرى سوغۇقتىن مۇداپىئە كۆرۈش- ئاپەتكە قارشى تۇرۇشنى تۇتۇپلا قالماي، يەنە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى بىر تۇتاش تۇتۇشى، ماسلاشتۇرۇشى، مۇلازىمەت خىزمىتىنى ئوبدان يولغا قويۇپ، سوغۇقتىن مۇداپىئە كۆرۈش- ئاپەتكە قارشى تۇرۇش ۋەزىپىلىرىنى ھەقىقىي تۈردە ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك.

3. چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى سوغۇق ئۆتۈپ كەتكەن ئورۇق، ئاجىز چارۋا ماللارنى پادىلار بويىچە ۋە بىر-بىرىدىن تەكشۈرۈش، شۇ جاينىڭ ئۆزىدە داۋالاش، يەم بېرىپ بېقىش كېرەك. ئورۇق، ئاجىز چارۋا ماللار دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ ۋەكالىتەن بېقىشىغا بېرىلسىمۇ ياكى دېھقانلارغا سېتىپ بېرىلسىمۇ بولىدۇ. ھەر خىل تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، چارۋا ماللارنىڭ ساغلاملىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش لازىم.

4. چارۋا ماللارنى كۆچۈرۈشنى داۋاملىق ئوبدان تەشكىللەپ، ئۇلارنى قىشلاقلارغا بىخەتەر كۆچۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملار ۋە جەمئىيەتتىكى كۈچلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئۇلارنى قىشلاققا كۆچۈرۈلۈۋاتقان چارۋا ماللارنى، چارۋىچىلارنىڭ نورمال ئاشلىقى ۋە چارۋا ماللارنىڭ يەم-چۆپلىرىنى توشۇشۇپ بېرىشكە تەش-

كەچەيتىش ئۈچۈن، 12-ئاينىڭ 5-كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى سوغۇققا تاقابىل تۇرۇش- ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش يۈزىسىدىن ئاچقان جىددىي تېلېفون يىغىنىدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى سۇڭ خەنلياڭ ئاپتونوم رايونلۇق سوغۇقتىن مۇداپىئە كۆرۈش- ئاپەتكە قارشى تۇرۇش قوماندانلىق شتابى قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلدى. قوماندانلىق شتابىنىڭ ئەزالىرى تۆۋەندىكىچە:

باش قوماندان: لى شۇشەن، مۇئاۋىن باش قوماندانلار: يۈسۈپ مۇھەممەدى، خەلچەم ئىسلام، ۋاڭ لىجۇاڭ، ۋېن كېشياۋ، ئىبراھىم روزى، چيەن گوجېڭ، تۇربايېر. ئىشخانا مۇدىرلىقىنى چيەن گوجېڭ قوشۇمچە ئۈستىگە ئالىدۇ.

سۇڭ خەنلياڭ ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە رەھبەرلىكىنىڭ تېلېفون يىغىنىنىڭ روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تېزدىن سوغۇققا تاقابىل تۇرۇش- ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشنىڭ مۇناسىپ قوماندانلىق شتابلىرىنى قۇرۇپ، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشنى، ھەرقايسى تارماقلار ۋە ھەر ساھە، ھەر كەسىپتىكىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى ماسلاشتۇرۇپ، بىر تۇتاش قوماندانلىق قىلىشنى ئۈمىد قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: قوماندانلىق شتابى قۇرۇش- يەقەتلا مەسىلىنىڭ بىر تەرىپى، تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورۇنلىرى ۋە ھەرقايسى تارماقلار ۋە ھەرقايسى تەرەپلەردىكى يولداشلار 10-ئاينىڭ باشلىرى ۋە 11-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ھاۋارايىدا ئىككى قېتىم يۈز بەرگەن ئاپەت خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، خەلق تۇرمۇشى، قاتناش- ترانسپورت، ئاشلىق ساقلاش- توشۇش قاتارلىق جەھەتلەرگە يەتكۈزگەن خەۋپىدىن ۋە بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان زىيانلاردىن تەجرىبە- ساۋاقلارنى يەكۈنلىشى، بىخوتلۇق ئىدىيىسى ۋە بوشۇشۇپ كېتىش كەيپىياتىنى تۈگىتىشى، ئاپەتنىڭ تەرەققىياتىدىن يۈكسەك دەرىجىدە ھوشيار بولۇشى، تونۇشىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، سوغۇقتىن مۇداپىئە كۆرۈش- ئاپەتكە قارشى تۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىشى لازىم. ئۇ مۇنداق دېدى: ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى تەرەپلەر سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، قوماندانلىق شتابىدىن جەڭگە قاتنىشىشنى ئىلتىماس قىلىشى، بەس - بەس بىلەن تۆھپە قوشۇشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى، ھەرقايسى تارماقلار، ھەر ساھە، ھەر كەسىپتىكىلەر جەزمەن سوغۇققا تاقابىل تۇرۇش - ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشنى نۆۋەتتىكى ئەڭ مۇھىم، ئەڭ تەخىرسىز ۋەزىپە سۈپىتىدە تۇتۇشى، خىزمەتنى ئەستايىدىل، ئىنچىكە ئىشلىشى كېرەك. بۇ، 1988 - يىلى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتىن ئوبدان مول ھوسۇل ئېلىشنىڭ ئاچقۇچى.

مىكرو ھېسابلاش ماشىنىسىنىڭ ئۈرۈمچىدە ئىشلىتىلىشى

جۇ يۈيشۇاڭ، جاڭ چىجيا

مىكرو ھېسابلاش ماشىنىسى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئاۋۋال ئىلمىي ھېسابات ئىشلىرىدا ئىشلىتىلگەنىدى، ھازىر سانلىق تەھلىل، سانائەتتىكى ئىزگىنلەش ئىشلىرى قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ ئىشلىتىلمەكتە.

ئۈرۈمچى سودا - سانائەت ئارماق بانكىسىنىڭ قارمىقىدىكى مەلۇم بىر تىجارەت بۆلۈمىدە «CP — MBT» تىپتىكى يېڭى، ئەپچىل مىكرو ھېسابلاش ماشىنىسى سىستېمىسىدىكى يەككە ماشىنا سىستېمىسى بار. ئۈرۈمچىدە ئىشلىتىلىۋاتقان بۇ مىكرو ھېسابلاش ماشىنىسى ئاساسىي ماشىنا، تۈپچا تاختىسى ۋە كۆرسەتكۈچ ئەسۋابتىن تەركىب تاپقان. مەشغۇلات قىلغۇچى تۈپچىلارنى ئاستا بېسىپ قويسا، دەستلەپ قويۇلغان ھېسابات دەپتەرلىرىدىكى سان-ساناقسىز سانلىق مەلۇماتلار ئېكرانغا كەينى - كەينىدىن ئۆلىشىپ كىرىپ، ئېلېكترونلۇق مېڭە ئىچىدە ساقلىنىپ قالىدۇ. زۆرۈر تېپىلغاندا، ئۇلار تەرتىپى ئېنىق بولغان تالونلارنى شەكىللەندۈرۈپ، ئېلېكترون مېڭىلىق ماشىنا ئارقىلىق كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ.

بانكىغا پۇل قويۇش ۋە پۇل ئېلىش كەسپىدە مىكرو ھېسابلاش ماشىنىسى ھېساباتنى خاتىرىلەش، تەكشۈرۈش، تۈگىتىش، ئۆسۈم ھېسابلاش، ھەتتا يوقالغاننى مەلۇم قىلىش قاتارلىق ئىشلارنى بىر نەچچە سېكونتتىن بىر نەچچە مىنۇتقىچە بىر تەرەپ قىلالايدۇ. ھازىر بىر بانكىنىڭ ئالتە تىجارەت ئورنىدىكى سەككىز مىكرو ھېسابلاش ماشىنىسى ئومۇمىي كەسىپ مىقدارىنىڭ 70 پىرسەنتىنى ئۈستىگە ئالغان، نەتىجىدە ئىش ئۈنۈمى بۇرۇنقىغا قارىغاندا ئالتە ھەسسىگە يېقىن ئۆسكەن.

مىكرو ھېسابلاش ماشىنىسى ئۇچۇر ساھەسىدىمۇ ئۆز كارامىتىنى كۆرسەتمەكتە. ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كادىرلىرى ئىدارىسىنىڭ ئۇنىۋېرسال باشقارمىسىدا ئۈچ مىكرو ھېسابلاش ماشىنىسى بار. ئۇنىڭدا شىنجاڭدىكى 3000 غا يېقىن چارۋىچىلىق پەن - تېخنىكا خادىمى، مۇنەۋۋەر پەن - تېخنىكا خادىمىنىڭ كەسپىي ئارخىپى ساقلىنىۋاتىدۇ. خىمىيىۋى تەھلىل كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 30 ياشلىق بىر ئەر خادىمنى تاللىماقچى بولسىڭىز، يۇقىرىقى شەرتلەرنى مىكرو ھېسابلاش ماشىنىسىغا كىرگۈزسىڭىز، بۇ چاغدا ئېلېكترونلۇق مېڭە بىر نەچچە سېكونت ئىچىدىلا شەرتى توشىدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېكرانىدا كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. ئەگەر ئۇلاردىن مەلۇم بىرسىنى تاللىۋالسىڭىز، مىكرو ھېسابلاش ماشىنىسىدىن ئۇ كىشىنىڭ ئەھۋالىنى تېخىمۇ تەپسىلىي ئىگىلىيەلەيسىز. بۇ مىكرو ھېسابلاش ماشىنىسى سىستېمىسىغا ھەربىر پەن - تېخنىكا خادىمىنىڭ ئىسمى - فامىلىسى، يېشى، جىنسى، ئاساسىي كەسپىي تېخنىكىسى، مۇكاپات ۋە مەخسۇس مەنپەئەتدارلىق ھوقۇقىغا ئېرىشىش ئەھۋالى قاتارلىق 13 خىل ئاساسىي ئەھۋالى كىرگۈزۈلگەن.

بۇنىڭدىن باشقا، پۈتۈش ئالدىدا تۇرغان ئۈرۈمچى جەنۇبىي پويىز ئىستانسىسىنىڭ ئۇچۇر - مۇلازىمەت بىناسىدىمۇ مىكرو ھېسابلاش ماشىنىسى بار. يولۇچىلار سوراش ئېھتىمالى بولغان سوئاللارنىڭ جاۋابلىرى مىكرو ھېسابلاش ماشىنىسىغا كىرگۈزۈپ قويۇلىدۇ، زۆرۈر تېپىلغاندا، مۇلازىمەت خادىمى تۈپچىلارنى بېسىپ قويسىلا، جاۋابلار سوراش ئورنىغا ئورنىتىلغان تېلېۋىزورنىڭ ئېكرانىغا چىقىدۇ.

مىكروھېسابلاش ماشىنىسىنىڭ ئۈرۈمچىدە ئىشلىتىلگىنىگە

* * *



ئېلىمىزنىڭ كۆلىمى ئەڭ زور بولغان شەھەر ئايلانما يولى تيەنجىندە ياسىلىپ، رەسمىي قاتناش باشلاندى. ئۇزۇنلۇقى 71 كىلومېتىر كېلىدىغان بۇ ئايلانما يولدا ئالتە چوڭ تىپتىكى سترولۇق كۆۋرۈك بار. بۇ يول يەنە ئالتە تۆمۈر يول لىنىيىسى ۋە تۆت دەريانى بېسىپ ئۆتۈپ، 14 قول تاشيول لىنىيىسىنى تۇتاشتۇرىدۇ. ئۇ تيەنجىننىڭ قاتناش ئىشلىرىنى تېزگىنلەشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

(شىنخۇاشې)

* * *

ئالەم ھەققىدىكى يېڭى بايقاش

ئامېرىكىدىكى بىر ئاسترونومىيە تەتقىقات گۇرۇپپىسىنىڭ بايقىشىچە، قۇياشتىن سامان يولى سىستېمىسىنىڭ مەركىزىگىچە بولغان ئارىلىق كى-

نىڭ يورۇقلۇق دەرىجىسى مۇقىم بولمايدۇ. شۇڭا بۇنىڭ بىلەن ئارىلىقنى ئۆلچەش ئۇسۇلىدا خاتالىق پەرقى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ.

توقۇلما تەربىيىلەش ئىلمى

موللام سابىت

پەن - تېخنىكىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ كىلېتكا ئىلمىغا بولغان تونۇشى چوڭقۇرلاشماقتا. مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئالىملار ئۆسۈملۈكلەرنىڭ خالىغان ئەزالىرىنى يېتىشتۈرۈش ئارقىلىق يېڭى ئۆسۈملۈك تۈپىنى ھاسىل قىلغىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. 1904 - يىلى گېرمانىيە ئالىملىرى تۇنجى قېتىم مىكروبسىز شارائىتتا سۈنئىي ئۇسۇل بىلەن تۇرۇپ تۆرەلمىسىدىن تۇرۇپ مايسىسىنى يېتىشتۈرۈپ، بۇ پەرەزنى ئىسپاتلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆسۈملۈك تەتقىقاتى ئىلمىغا داغدام يول ئېچىلدى. 1925 - يىلى لايباخ يۇمران زىغىر تۆرەلمىسىدىن رەسمىي ئۆسۈملۈك تۈپىنى ھاسىل قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

ئۆسۈملۈكلەرنىڭ خالىغان ئەزاسى، توقۇلمىسى ياكى كىلېتكىسىنى سۈنئىي ئۆستۈرگۈچتە بەلگىلىك تېمپېراتۇرا، بەلگىلىك يورۇقلۇق شارائىتى ئاستىدا يېتىشتۈرۈش ئارقىلىق يېڭى ئۆسۈملۈك تۈپىنى ھاسىل قىلىدىغان ئىلىم «توقۇلما تەربىيىلەش ئىلمى» دەپ ئاتىلىدۇ.

توقۇلما تەربىيىلەش ئىلمى ئۆسۈملۈك سورتلىرىنى يېتىشتۈرۈش، ئۆسۈملۈكلەرنى تېز يېتىشتۈرۈش، ئەسلى ئاتا تۈپىنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ساقلاپ قېلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆز ئەۋزەللىكىنى كۆرسەتمەكتە.

توقۇلما تەربىيىلەش ئارقىلىق يېتىشتۈرۈلگەن ئۆسۈملۈكلەر تۆۋەندىكىدەك ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە:

توقۇلما تەربىيىلەش مىكروبسىز شارائىتتا ئېلىپ بېرىلغاچقا، بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق يېتىشتۈرۈلگەن ئۆسۈملۈك تۈپلىرى كېسەللىك ۋە ھاشارەتلەرنىڭ زىيىنىدىن خالىي بولىدۇ. ئۇلاردا ئاتا تۈپىنىڭ ئەسلى خۇسۇسىيىتى ساقلاپ قېلىنغان بولىدۇ. تېمپېراتۇرا، نەملىك، يورۇقلۇق ۋە ھاۋا قاتارلىق ئامىللار مايسىلارنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن تەڭشەلگەنلىكى ئۈچۈن، مايسىلار تېز يوغىنايدۇ. ئوزۇقلۇق ماددىلىرى مول ھەم ساغلام بولىدۇ. مايسىلار ئاسان تۇتۇپ، بالدۇر ئەي بولىدۇ.

توقۇلما تەربىيىلەش ئارقىلىق ئۆسۈملۈك يېتىشتۈرۈش ئۇسۇلى ئۇرۇقنى تېرىسا ئۈنمەيدىغان، جىنسىز كۆپەيتىش ئارقىلىق تېز يېتىشتۈرگىلى بولمايدىغان، ئۇرۇقىدا كېسەل بار، يۆتكەپ تىكسە ئاسان ئۆتمەيدىغان، باشقا جايلارنىڭ ئىقلىمىغا ماسلىشالمايدىغان ئۆسۈملۈكلەرنى يېتىشتۈرۈشتە قوللىنىلىدۇ. بۇ ئۇسۇل ئۆسۈملۈك باغچىلىرى، تەجرىبە مەيدانلىرى ۋە تەبىئىي شەرت- شارائىتى ياخشى جايلارنىڭ قىممەتلىك ئۆسۈملۈكلەرنى يېتىشتۈرۈشتە قوللىنىلىشقا باپ كېلىدۇ.

توقۇلما يېتىشتۈرۈش ئىلمى ئىشلىتىلىش دائىرىسى كەڭ، ئۈنۈمى يۇقىرى بولغان يېڭى پەن. ھازىر ھەرقايسى ئەللەردە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ غول ئۇچى توقۇلمىسىنى يېتىشتۈرۈش، تۆرەلمىسىنى يېتىشتۈرۈش، چاڭدانى يېتىشتۈرۈش، بىخنى يېتىشتۈرۈش ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. ئېلىمىز، جۈملىدىن ئاپتونوم رايونىمىزدا يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان توقۇلما يېتىشتۈرۈش ساھەسىدە ئۇرغۇن مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

* * *



قاتتىق سوغۇقتا نېمە ئۈچۈن مېتال بويۇملار قولغا چاپلىشىدۇ؟

ئابدۇۋايىت قاسىم

قىش كۈنلىرى سىرتتا قويۇپ قويۇلغان مېتال بۇيۇملارنى تۇتساق، قولىنىڭ تېرىسى ئۇ نەرسىلەرگە چاپلىشىپ قالىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئاياللار ۋە بالىلاردا گەۋدىلىكرەك بولىدۇ.

نېمە ئۈچۈن بۇنداق ئەھۋال يۈز بېرىدۇ؟ بۇنى مېتاللارنىڭ فىزىكىلىق خۇسۇسىيىتىدىن ئىزلەشكە توغرا كېلىدۇ.

تارقىتىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەتىسى ئۇنى تۇتقان ھامان قولىدىكى ئىسسىقلىقنى «ئاچكۆزلۈك» بىلەن ئۆزىگە سۈمۈرۈۋالىدۇ. دەل شۇ پەيتتە قولنىڭ سىرتقى قەۋىتىنىڭ تېمپېراتۇرىسى جىددىي ھالدا تۆۋەنلەيدۇ. تېرە ۋە موسكۇللارنىڭ 70—80 پىرسەنتى سۇ بولغانلىقى ئۈچۈن، تېمپېراتۇرىنىڭ جىددىي تۆۋەنلىشى

قاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر قولىنىڭ مېتال بۇيۇملارغا چاپلىشىپ قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا قول تېرىسىنىڭ سويۇلۇپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، قولنى ئالدىراپ كۈچەپ تارتماي، بىر ئاز ۋاقىت چىداپ تۇرۇش ياكى ئاستا-ئاستا پۈدەپ ئىسسىق ئۆتكۈزۈپ، ئاندىن قول تېرىسىنى چاپلىشىپ قالغان مېتال

مان يولى سىستېمىسىنىڭ مەركىزىگىچە بولغان ئارىلىق كىشىلەرنىڭ ئىلگىرى تەسەۋۋۇر قىلغىنىدىن كۆپ يېقىن ئىكەن، يەنى ئاز دېگەندىمۇ 25 % يېقىن ئىكەن.

بۇ يېڭى بايقاش ئالىملارنىڭ ئەنئەنىۋى ئارىلىق ئۆلچەش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتتى، يەنى رادىئو سىگنالى ئارقىلىق ئارىلىقنى ئۆلچەش ئۇسۇلى ئالەم بوشلۇقىدىكى ماددىلارنىڭ چىقارغان نۇرى ئارقىلىق ئارىلىق ئۆلچەش ئۇسۇلىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى. چۈنكى ماددىلار چىقارغان نۇرلىدا خاتالىق پەرقى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ.

ئالىملار رادىئو سىگنالى ئارقىلىق ئارىلىق ئۆلچەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ قۇياشتىن سامان يولى سىستېمىسىنىڭ مەركىزىگىچە بولغان ئارىلىقنى 23 مىڭ يورۇقلۇق يىلى، سامان يولى سىستېمىسىنىڭ كەڭلىكىنى 70 مىڭ يورۇقلۇق يىلى، دەپ ئېتىراپ قىلماقتا.

بۇ يېڭى ئۇسۇل كىشىلەرنىڭ ئالەمنىڭ كۆلىمى ۋە يېشى توغرىسىدىكى نۇرغۇن قاراشلىرىنى ئۆزگەرتكۈسى.

مەريەم ئابدۇقادىر تەرجىمىسى

* * *

نىڭ ئۈرۈمچىدە ئىشلىتىلگىنىگە ئىككى-ئۈچ يىل بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆزئەۋزەللىكىنى تۇرمۇشنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە نامايەن قىلماقتا. ھازىر مىكرو ھېسابلاش ماشىنىسى ئاپتونوم رايونىمىزدا بار بولغان ھېسابلاش ماشىنىلىرىنىڭ 95 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.



دىن ئىزلەشكە توغرا كېلىدۇ. مېتاللار ئىنتايىن ياخشى ئىسسىقلىق ئۆتكۈزگۈچى جىسىمدۇر. مېتالنىڭ ئىسسىقلىق ئۆتكۈزۈش ۋە ئىسسىقلىق تارقىتىش ئىقتىدارى ناھايىتى كۈچلۈك. قاتتىق سوغۇق بولغان قىش كۈنلىرى سىرتتىكى مېتال بۇيۇملار كۆندۈزى قۇياش نۇرىدىن قوبۇل قىلغان ئىسسىقلىقنى كېچىسى پۈتۈنلەي

راتۇرىنىڭ جىددىي تۆۋەنلىشى بىلەن تەڭ بەدەننىڭ مېتالغا تېگىپ تۇرغان قىسمىدىكى سۇمۇ دەرھال مۇز بولۇپ

ئۆتكۈزۈپ، ئاندىن قول تېرىسىنى چاپلىشىپ قالغان مېتال بۇيۇملاردىن ئاجرىتىۋېلىش لازىم.

ئىتتىپاق گېرمانىيىسىدە ئۆتكۈزۈلگەن چوڭ سىغىمىلىق ھېسابلاش ماشىنىلىرى كۆرگەزمىسىگە بىر خىل دەرىجىدىن تاشقىرى نۇر دىسكىسى قويۇلدى. ھەجمى 35 كۋادرات سانتىمېترلا كېلىدىغان بۇنداق نۇر دىسكىسى 1 مىليارد ئۇچۇرنى ساقلىيالايدۇ. ئۇ، نۆۋەتتە ئىشخانىلاردا ئىشلىتىلىدىغان ئۇچۇر ساقلاش مىقدارى ئەڭ زور بولغان ئۇچۇر ئەسۋابى ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق نۇر دىسكىسى لازېر نۇرى سىستېمىسى بىلەن ماسلاشتۇرۇلۇپ ئىشلىتىلسە، 30 مىللىي سېكونت ئىچىدىلا ھەر قانداق ئۇچۇرنى تېپىپ چىقىقىلى بولىدۇ.

(شىنخۇاشې)

* * *

ئەڭ قىممەتلىك سۇيۇقلۇقلار

سىز بىلەمسىز؟

ھەممىگە ئايانكى، ئالتۇن قىممەتلىك نەرسە. ئەمەلىيەتتە، ئۆمۈچۈك، چوڭ ھەرە، زەھەرلىك يىلان، چايانلارنىڭ زەھىرى ۋە چاشقان سۈتى ئالتۇندىن 100 مىڭ ھەسسە قىممەت. ئادەتتە، بىر ئۇنسىيە ئالتۇننىڭ باھاسى 400— 500 ئامېرىكا دوللىرى؛ ئامېرىكا قىتئەسىدىكى زەھەرلىك ئۆمۈچۈك زەھىرىنىڭ بىر ئۇنسىيىسىنىڭ باھاسى 2 مىليون 360 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى؛ چوڭ ھەرە زەھىرىنىڭ بىر ئۇنسىيىسىنىڭ باھاسى 1 مىليون 130 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى؛ بىر ئۇنسىيە يىلان زەھىرى 283 مىڭ 500 ئامېرىكا دوللىرى؛ شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىدىكى مارجان يىلان زەھىرىنىڭ بىر ئۇنسىيىسىنىڭ باھاسى 55 مىڭ 700 ئامېرىكا دوللىرى؛ بىر ئۇنسىيە دېڭىز يىلىنى زەھىرى 42 مىڭ 800 ئامېرىكا دوللىرى. ئېلىمىزنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى— بەش گەزلىك يىلاننىڭ زەھىرىنىڭ بىر ئۇنسىيىسىنىڭ باھاسى 11 مىڭ 200 ئامېرىكا دوللىرى؛ ھىندىستاندىكى كۆز ئەينەكلىك يىلان زەھىرىنىڭ بىر ئۇنسىيىسىنىڭ باھاسى 9072 ئامېرىكا دوللىرى.

يېقىنقى تەتقىقات ئىشلىرىدا ئىشلىتىلىدىغان چاشقان سۈتىنىڭ بىر لىتىرىنىڭ باھاسى 10 مىڭ غەربىي گېرمانىيە ماركى بولۇپ، دۇنيا بويىچە ئەڭ قىممەتلىك سۈت ھېسابلىنىدۇ.

(«خەلق گېزىتى»دىن)

* * *

جىڭ ناھىيىسىدىكى بىر كۆلدە «لەيلىمە ئارال» پەيدا بولغان

9- ئاينىڭ 28- كۈنى ئەتىگەندە، جىڭ ناھىيە بازىرىدىن تەخمىنەن بەش كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جىياباگو كۆلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن موتسىكلىتنىڭ ئورۇندۇقىچىلىك كېلىدىغان بىر نەرسە كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ، 10- ئاينىڭ 10- كۈنىگىچە تېز كېڭىيىپ، كۆلىمى 4800 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان تۈپتۈز، تۆت تەرىپى سۇ بىلەن ئورالغان بىر كىچىك «ئارال»غا ئايلانغان. يەرلىك كىشىلەر ئۇنى يەر تەۋرەش ئالدىدىكى ئالامەت، دەپ قارىغان. ئاپتونوم رايونلۇق يەر تەۋرەش ئىدارىسى ۋە جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىدىكى ئالىملارنىڭ تەكشۈرۈپ بايقىشىچە، سۇ يۈزىدىن 20 سانتىمېتىردىن كۆپرەك كۆتۈرۈلۈپ چىققان بۇ «لەيلىمە ئارال»نىڭ سىرتقى قەۋىتى پۈتۈنلەي لاتقا ئىكەن. بۇ «ئارال» كۆپ يىللاردىن بۇيان چىم ۋە قومۇش يىلتىزلىرىنىڭ بىرىكىپ قېتىشىدىن ھاسىل بولغانىكەن. ئۇ، سۇنىڭ ئۇزاق مۇددەت سىڭىشى بىلەن يۇمشاپ، كۆل تېگىدىن ئايرىلىپ، سۇ يۈزىگە لەيلەپ چىققانىكەن، ئۇنىڭ يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈش كۈچىنىڭ بىر قىسمى چىم ۋە قومۇش يىلتىزلىرىنىڭ چىرىشى جەريانىدا ھاسىل بولغان زور مىقداردىكى مېتان گازىدىن كەلگەن. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئاپتونوم رايونىمىزدا بۇنداق «لەيلىمە ئارال»نىڭ پەيدا بولۇشى تۇنجى قېتىملىق ئىش ئىكەن، بۇ «لەيلىمە ئارال» ھازىرمۇ كېڭىيىۋېتىپتۇ.

* * *



سۈرەتتە: يېتىم بۇلاق تاغلىق رايونىدىكى يۈلغۈنلۇق ئېقىنىغا كىرىش ئېغىزىنىڭ كۆرۈنۈشى.

ئابلىمىت ئابدۇقادىر فوتوسى

* * *

توخۇلاتقۇ كېسەللىكىدىن ساقلىنىڭ

مەسلىھەت

توخۇلاتقۇ كىشىلەر تۇرمۇشىغا نۇرغۇن ئوڭايلىق كەلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن بىر خىل يېڭى كېسەللىك، يەنى ئېيبىرزان باكتېرىيىسى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئۈچەي ياللۇغىنى تارقاتماقتا. بۇ كېسەللىكنىڭ ئالامەتلىرى ئادەتتىكى ئۈچەي ياللۇغىغا ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن قورساق ئاغرىش، ئىچى سۈرۈش ئەھۋالى بىر قەدەر ئېغىرراق بولىدۇ.

ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، ئېيبىرزان باكتېرىيىسىنى مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدا ئامېرىكىنىڭ تېببىي پەن ئالىملىرى بايقىغان. 80 - يىللاردىن بۇيان، توخۇلاتقۇنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇشى ۋە كۆكتاتلارنى خام پېتى ئىستېمال قىلغۇچىلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئېيبىرزان باكتېرىيىسى پەيدا قىلىدىغان ئۈچەي ياللۇغى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا تېز كۆپەيگەن. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قارىشىچە، توخۇلاتقۇنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلىشى بىلەن بۇ كېسەللىكنىڭ تېزدىن تارقىلىشىغا پۇرسەت تۇغۇلغان. ئېيبىرزان باكتېرىيىسىنىڭ كۆپىيىش شارائىتى ئادەتتىكى كېسەللىك باكتېرىيىلىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئۇ، تېمپېراتۇرا سېلسىيە نۆل گرادۇس بولغان شارائىتتىمۇ تېز كۆپىيەلەيدۇ. كىشىلەر، ئادەتتە، يۇيۇلغان كۆكتات ۋە مېۋە - چېۋىلەرنى توخۇلاتقۇغا سېلىپ قويۇپ، خالىغان ۋاقىتتا ئېلىپلا ئىستېمال قىلىدۇ. بۇ چاغدا نۇرغۇن ئېيبىرزان باكتېرىيىلىرى يېمەكلىك بىلەن بىللە قورساققا كىرىپ، ئۈچەي ياللۇغىنى پەيدا قىلىدۇ.

بۇنداق ئۈچەي ياللۇغىنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەش ۋە ئۇنى تۈگىتىش ئۈچۈن، يېمەكلىكلەرنى توخۇلاتقۇ ئىچىگە سالغاندا دېزىنفېكسىيە قىلىش، شۇنىڭ بىلەن بىللە يېمەكلىكلەرنىڭ توخۇلاتقۇدا ساقلىنىش ۋاقتىنى ئىمكان قەدەر قىسقارتىش لازىم.

مەخسۇت ھېيىت تەرجىمىسى

ب د ت يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان ۋەكىللەر ئىران - ئىراق ۋەزىيىتىگە يېقىندىن كۆڭۈل بۆلمەكتە

شىنخۇاشې، ب د ت، 2- دېكابىر تېلېگراممىسى. سەككىز يىلدىن كۆپرەك داۋاملاشقان ئىران-ئىراق ئۇرۇشى بۈگۈن ب د ت يىغىنىنىڭ ئوتتۇرا شەرق ۋەزىيىتى توغرىسىدىكى مۇنازىرىسىدە ھەر قايسى ئەللەر ۋەكىللىرىنىڭ يەنە بىر قېتىم دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغىدى.

يۇگوسلاۋىيىنىڭ ب د تدا دائىمىي تۇرۇشلۇق ۋەكىلى بېكمىس مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: قولتۇق رايونىدىكى بۇ ھەربىي توقۇنۇش پۈتكۈل ئوتتۇرا شەرق ۋەزىيىتىگە تېخىمۇ بىۋاسىتە ۋە خەۋپلىك تەسىر كۆرسەتمەكتە. ئۇ مۇنداق دېدى: بۇ توقۇنۇش قولتۇق رايونىنىڭ خەتەرلىك ۋەزىيىتىنى كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى، ئۇ يەرگە توپلانغان زور تۈركۈمدىكى ھەربىي پاراخوت ۋە ئۇ يەردە ھەر كۈنى يۈز بېرىۋاتقان ھەربىي توقۇنۇش كىشىلەرنىڭ «چوڭ دۆلەتلەرنىڭ ئارىلىشىش خەۋپى مەۋجۇت» دېگەن ئاگاھلاندۇرۇشىنى ئىسپاتلىدى.

مىسىر، تۈركىيە، نېپال قاتارلىق ئاسىيا، ئوتتۇرا شەرق دۆلەتلىرىنىڭ ۋەكىللىرىمۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: كۈندىن-كۈنگە ئېغىرلىشىۋاتقان قولتۇق رايونى ۋەزىيىتى بۇ رايوننىڭ ۋە خەلقئارانىڭ تىنچلىقى، بىخەتەرلىكى ۋە مۇقىملىقى ئۈچۈن تەھدىت بولۇپ قالدى.

ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسىگە ئەزا 12 دۆلەتكە ۋەكالىتەن سۆز قىلغان دانىيە ۋەكىلى بېئېرلىن مۇنداق دېدى: ئورتاق گەۋدىگە ئەزا 12 دۆلەت قولتۇق رايونىنىڭ دېڭىز قاتنىشى ۋە سودا ئەركىنلىكىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدۇ. لېكىن، ئىران بىلەن ئىراقنىڭ سەككىز يىل داۋام قىلغان ئۇرۇشى «بۇ رايوننىڭ بىخەتەرلىكى ۋە دېڭىز قاتنىشىنىڭ ئەركىنلىكىگە كۈندىن-كۈنگە ئېغىر تەھدىت پەيدا قىلدى».

بېئېرلىن ۋە باشقا نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى ئىران ۋە ئىراقنىڭ باش كاتىپ بىلەن تولۇق ھەمكارلىشىپ، بۇ يىل 7- ئايدا ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭىشىدىكى 15 مۇددىر دۆلەت بىردەك ماقۇللىغان 598- نومۇرلۇق قارارنى ئىمكانقەدەر تېز ۋە ئومۇميۈزلۈك ئىجرا قىلىپ، بۇ قانلىق ئۇرۇشقا بالدۇرراق خاتىمە بېرىشنى مۇراجىئەت قىلدى.

سىخانۇك ۋيېتنام تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى داۋاملىق كۈرەش قىلىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى

شىنخۇاشې، فېرئانتادنوۋا (فرانسىيە)، 3- دېكابىر تېلېگراممىسى. دېموكراتىك كامبودژا رەئىسى شاھزادە نورودوم سىخانۇك بۈگۈن ئۆزى رەھبەرلىك قىلغان قوراللىق كۈچلەرنىڭ «كامبودژىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن ۋيېتنام قوشۇنلىرىغا قارشى ئاخىرقى بىر ۋيېتنام ئەسكىرى كامبودژىدىن چىقىپ كەتكەنگە قەدەر داۋاملىق كۈرەش قىلىدىغانلىقىنى» تەكىتلىدى.

بۇ سۆز شاھزادە سىخانۇك بۈگۈن جىنبىيەن قورچاق ھاكىمىيىتىنىڭ باشلىقى خوڭسېن بىلەن ئۇچرىشىشتىن ئىلگىرى مەتبۇئات ساھەسىدىكىلەرگە تارقاتقان ئاخباراتتا ئېيتىلغان.

ئۇنىڭ ئاخباراتىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «مەن ئۆتنۈگۈن (12- ئاينىڭ 2- كۈنى) خوڭسېن ئەپەندىگە بېيجىڭ ياكى پىڭراڭدا ئۇچرىشىشقا رازىمەنلىكى، جىنبىيەندە قورچاق جۇمھۇرىيەتنىڭ رەئىسى، ۋيېتناملىقلارنىڭ غالچىسى بولۇشنى خالىمايمەن، دېدىم.»

ئۇنىڭ ئاخباراتىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «مەن ھازىر كامبودژا مەسىلىسىنىڭ ئادىل ھەل قىلىنىشى جەھەتتە ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، جىنبىيەن ھاكىمىيىتى بىلەن ئۇچرىشىشنى قارار قىلغان بولسامۇ، لېكىن خوڭسېن ئەپەندىنىڭ كامبودژىغا قايتىپ بېرىپ، قانۇنسىز كامبودژا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەھبىرى بولۇشۇم توغرىسىدىكى تەكلىپىنى قوبۇل قىلمايمەن.»

* * *

تايلاند پادىشاھى ھەربىيلەرنى دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداشقا چاقىردى

شىنخۇاشې، مەنگۇ، 3 - دېكابىر تېلېگراممىسى. تايلاند پادىشاھى پۇمىفېك [illegible] بۈگۈن تايلاندىكى ھەربىيلىرنى دۆلەتنى تېخىمۇ ئوبدان قوغداش ۋە گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، بىلىم سەۋىيىسى ۋە تېخنىكا ماھارىتىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈشكە چاقىردى.

بۈگۈن چۈشتىن كېيىن مەنگۇدا ھەربىي پارات ئۆتكۈزۈلۈپ، تايلاند دۆلەت بايرىمى ۋە پادىشاھ پۇمىفېكنىڭ 60 ياشقا تولغانلىقى تەبرىكلەندى. 12 - ئاينىڭ 5 - كۈنى پادىشاھ پۇمىفېكنىڭ تۇغۇلغان كۈنى، شۇنداقلا تايلاندنىڭ دۆلەت بايرىمى.

پادىشاھ پۇمىفېك ھەربىي پاراتتا سۆز قىلىپ، ھەربىيلەر دۆلەتنى، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە مۇستەقىللىقىنى ئوبدان قوغداشتىن ئىبارەت مۇھىم مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان، دېدى. ئۇ تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: ھەربىيلەر ھەربىي ئىشلار ۋە باشقا جەھەتتىكى بىلىم ھەم ئىقتىدارىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، ئۆز بۇرچىنى ھەقىقىي تۈردە ئادا قىلىشى، دۆلەتنىڭ مۇقىم بولۇشى، گۈللىنىشى، مەڭگۈ ئەركىن بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشى لازىم.



ئامېرىكا تېكساس شتاتىنىڭ ئوستىن شەھىرىدىكى موتورولا شىركىتى يېڭى تىپتىكى دەرىجىدىن تاشقىرى توپلاشتۇرۇلغان توك يولى تاختىسى ئىشلەپچىقاردى. 32 توچكىلىق بۇ توك يولىغا 250 مىڭ ئازۇك لامپۇچكا ئورۇنلاشتۇرغىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئىلغارلىق دەرىجىسى شۇكى، بۇنى مىكرو ھېسابلاش ماشىنىسىدا بىر قەدەر تۆۋەن باھادا كەڭ قوللانغىلى بولىدۇ.

(شىنخۇاشې)

خەلقئارا قىسقا خەۋەرلەر

△ دۇنيادا زەھەرلىك گاز چىقىپ كېتىشتىن ئىبارەت ئەڭ ئېغىر ۋەقە يۈز بەرگىنىگە ئۈچ يىل بولغان پەيتتە، ھىندىستان مەركىزىي شتاتىنىڭ مەركىزى بوپال شەھىرىدە مۇشۇ ئاينىڭ 3- كۈنى شەھەر بويىچە ئومۇميۈزلۈك ئىش تاشلاش يۈز بەردى.

بۇ كۈنى پۇل مۇئامىلە ئورگىنى ۋە مۇلازىمەت كەسىپلىرىدىن باشقا بوپال شەھىرىدىكى بارلىق ئىدارە، كارخانا ۋە مەكتەپلەر تاقالدى. شەھەر ئاھالىسى ئىبادەت قىلىپ ۋە يىغىن ئۆتكۈزۈپ، زەھەرلىك گاز چىقىپ كېتىش ۋەقەسى تۈپەيلىدىن ئۆلگەن كىشىلەرگە تەزىيە بىلدۈردى.

1984- يىل 12- ئاينىڭ 3- كۈنى

سىدا ئۆتكۈزۈلگەن مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا، برېژنېۋ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە ئاكادېمىك ساخاروۋنى گوركى شەھىرىگە سۈرگۈن قىلىشنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

ئاداموۋىچ ساخاروۋنىڭ يادرو قوراللىرىنىڭ تەھدىتىگە بولغان تونۇشى-سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى نۇرغۇن سىياسىيونلارنىڭكىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ، دېدى. ئۇ مۇنداق دېدى: ساخاروۋنى سۈرگۈن قىلىش برېژنېۋ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدىكى «شەرمەندىلىك».

66 ياشلىق ساخاروۋ يادرو فىزىكىسى ئالىمى بولۇپ، 1953- يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تۇنجى ۋودرود بومبىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەتقىق قىلىپ ياسىشىغا تۆھپە قوشقانىدى.

ئۇ، 1980- يىل 1- ئايدا ھۆكۈمەت دائىرىلىرى تەرىپىدىن موسكۋادىن گوركى شەھىرىگە سۈرگۈن قىلىنغان، 1986- يىل 12- ئايدا دائىرىلەرنىڭ رۇخسىتى بىلەن موسكۋاغا قايتىپ كەلگەن.

△كېنىيە ھۆكۈمىتى مۇشۇ ئاينىڭ 3- كۈنى لىۋىيىنىڭ كېنىيىدىكى ئەلچىخانىسىنىڭ ۋەكالەتچىسى خەلىفېر ئاراجېردىن يەتتە كۈن ئىچىدە كېنىيىدىن چىقىپ كېتىشنى تەلەپ قىلدى.

كېنىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى زاكارى ئۇنىگۇنكانىڭ شۇ كۈنى ئېلان قىلغان باياناتىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: خالىفېر ئاراجېر كېنىيىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشقانلىقى ئۈچۈن قوغلاپ چىقىرىلدى.

(شىنخۇاشې)

* * *

ھىندىستاندا مال باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشى ھىندىستان ئەمەلدارلىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى

شىنخۇاشې، يېڭى دېھلى، 4- دېكابىر تېلېگراممىسى: يېقىنقى بىر قانچە ئوتتۇرىچە 15% ئۆرلەش نىسبىتىدىن ئېشىپ كەتكەن. بىر يىل ئىلگىرىكى تاۋارلارنىڭ كەمچىل بولۇشىنى

* * *

ئىران ئالدى بىلەن كىمنىڭ تاجاۋۇزچى ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈشى

1984- يىل 12- ئاينىڭ 3- كۈنى ئامېرىكا بىرلەشمە كاربېت شىركىتىنىڭ بوپال شەھىرىدىكى دېھقانچىلىق دورىلىرى زاۋۇتىدىن زەھەرلىك گاز چىقىپ كېتىپ 2800 دىن ئارتۇق ئادەم ئۆلگەن، 200 مىڭدىن ئارتۇق كىشى زەھەرلەنگەنىدى.

△ ھايتى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ باشلىقى ھېنرى نەنفىي جىياگجۇن مۇشۇ ئاينىڭ 3- كۈنى چۈشتىن كېيىن ب د ت نىڭ باش كاتىپى دېكۇئېلىيارغا تېلېفون بېرىپ، ئۆزىنىڭ 1988- يىل 2- ئاينىڭ 7- كۈنى ھوقۇقنى دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇتقا كەلگەن ھۆكۈمەتكە ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغانلىقىنى، بۇ ئۆزىنىڭ دەسلەپكى ئويى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

△ سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىسى ئاداموۋىچ مۇشۇ ئاينىڭ 3- كۈنى كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى توغرى-

*

ئىران ئالدى بىلەن كىمنىڭ تاجاۋۇزچى ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈشى كېرەك، دېگەن مەيداندا چىڭ تۇردى

شىنخۇاشې، ب د ت، 3 - دېكابىر تېلېگراممىسى. ئىراننىڭ مۇئاۋىن تاشقى ئىشلار مىنىستىرى رالىجانى مۇشۇ ئاينىڭ 3 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ب د ت نىڭ باش كاتىپى بىلەن سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن ئۆتكۈزگەن مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا مۇنداق دېدى: ئۇرۇش توختىتىش ۋە كىمنىڭ تاجاۋۇزچى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ب د ت نىڭ 598 - نومۇرلۇق قارارىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ تۇنجى قەدىمى، ھەر ئىككىسى ئوخشاش مۇھىم، چۈنكى كىمنىڭ تاجاۋۇزچى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئۇرۇش توختىتىشنىڭ ئاچقۇچى.

ئۇ مۇنداق دېدى: كىمنىڭ تاجاۋۇزچى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش شەرت ئەمەس، ئەمما ئۇ، قەدەم - باسقۇچ.

رالىجانى يەنە مۇنداق دېدى: كىمنىڭ تاجاۋۇزچى ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئېنىق ھۆكۈم چىقىرىلمايدىغان بولسا، ئۇرۇش توختىتىشنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. ئۇ مۇخبىرلارغا يەنە ئىراننىڭ «مىسلىسىز كۈچ» بىلەن ئىراققا ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭمۇ ئالدىنقى سەپكە بارىدىغانلىقىنى ئاشكارىلاپ قويدى.

*

شىنخۇاشې، يېڭى دېھلى، 4- دېكابىر تېلېگراممىسى: يېقىنقى بىر قانچە ئايدىن بۇيان، ھىندىستاندا بەزى تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ باھاسى جىددىي ئۆرلەپ كەتتى. بۇ، بەزى ئەمەلدارلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى.

ھىندىستان «سودا ھەپتىلىك ژۇرنىلى» نىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، مۇشۇ مالىيە يىلىدا — 4- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن 10- ئاينىڭ 17- كۈنىگىچە بولغان مەزگىلدە— ھىندىستاندا تاۋار باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىش نىسبىتى ئىلگىرىكى يىللاردىكى ئوتتۇرىچە 15% ئۆرلەش نىسبىتىدىن ئېشىپ كەتكەن. بىر يىل ئىلگىرىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئاشلىقنىڭ باھاسى يەتتە پىرسەنت، پۇرچاقنىڭ باھاسى 22% ئۆسكەن. يېقىندا بىر تۇخۇمنىڭ باھاسى بىر رۇپىيە (تەخمىنەن 0·077 ئامېرىكا دوللىرى) غا چىققان.

ھىندىستان مالىيە مىنىستىرلىكى مال باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، 11- ئاينىڭ ئاخىرىدا ئون شتاتنىڭ باش كاتىپلىرى يىغىنىنى چاقىردى. ھىندىستان مالىيە مىنىستىرى تىۋارى يىغىندا مۇنداق دېدى: كونكرېت تەدبىر قوللىنىپ، ئاساسىي تاۋارلارنىڭ كەمچىل بولۇشىنى ھەل قىلىش، مال باھاسىنىڭ داۋاملىق ئۆرلەپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، مەملىكەت خاراكتېرلىك بىر گەۋدىلەشكەن تەكشۈرۈش سىستېمىسى قۇرۇلىدۇ ۋە بېسىمدارلىققا، قاراڭغۇ بازار سودىسىغا قاتتىق زەربە بېرىلىدۇ. ھىندىستاننىڭ مالىيە ئىشلىرى بويىچە دۆلەت ئىشلىرى مىنىستىرى كادھاۋى مۇنداق دېدى: قۇرغاقچىلىق ئاپىتى مەزگىلىدىن ئۆتۈش ۋە مال باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشىنى تىزگىنلەش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت چەت ئەللەردىن مال — ئەشيا ئالماقتا.

*

ئامېرىكا ب د ت غا بىر قىسىم خام چوت پۇل بەردى

شىنخۇاشې، ب د ت، 3-دېكابىر تېلېگراممىسى. ئامېرىكىنىڭ ب د ت دا دائىمىي تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى فېنون ۋورتىس بۈگۈن ب د ت نىڭ باش كاتىپى پېرېز دېكۇئېلىيارغا 90 مىليون ئامېرىكا دوللىرلىق چەك تاپشۇرۇپ، ب د ت نىڭ 1987- يىللىق مالىيە خامچوتىدا ئامېرىكا ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك بىر قىسىم پۇلىنى بەردى.

بۇنىڭدىن ئۈچ ھەپتە ئىلگىرى، پېرېز دېكۇئېلىيار ئامېرىكا زۇڭتۇڭى رېيگانغا ئەۋەتكەن خېتىدە مۇنداق دېگەنىدى: ئامېرىكا ھېچبولمىغاندا، 87 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بەرمەيدىغان بولسا، ب د ت 12- ئايدا بەربات بولىدۇ.

نورمال پىلان بويىچە، ئامېرىكا ئادەتتە ب د ت غا يىلىغا 800 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بېرىشى كېرەك، بۇ، ب د ت ئومۇمىي خام چوت پۇلىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ.

ئامېرىكا ھازىر يەنىلا ب د ت غا بېرىدىغان خىراجەتنى ۋاقتىدا بەرمەيۋاتقان ئاساسلىق دۆلەتنىڭ بىرى بولۇپ، ب د ت غا جەمئىي 252 مىليون 800 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى قەرزدار، ئۇنىڭ ئىچىدە 112 مىليون ئامېرىكا دوللىرى ب د ت نىڭ 1987- يىلدىكى خام چوت پۇلىغا تەئەللۇق.

*

ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسى «پلانېتلار ئارا ئۇرۇش» پلانىنى قوللىدى

شىنخۇاشې، ۋاشىنگتون، 3- دېكابىر تېلېگراممىسى. ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسىنىڭ پۇل ئاجرىتىش كومىتېتى بۈگۈن بىر قارار ماقۇللاپ، رېيگان زۇڭتۇڭنىڭ «پلانېتلار ئارا ئۇرۇش» پىلانىنى قوللىدى. بۇ قارار دۆلەت مۇداپىئە خىراجىتى مۇزاكىرە لايىھىسىدە ماقۇللانغان. بۇ قاراردا مۇنداق دەپ ھېسابلىنىدۇ: قۇدرەتلىك تەھدىت كۈچى ئاساسىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ستراتېگىيىلىك مۇداپىئە پىلانىنى ئۇزاق مۇددەتلىك زور تەتقىقات تېمىسى پىلانى سۈپىتىدە داۋاملاشتۇرۇپ، بۇ ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقى 1972- يىلى ئىمزالىغان زەمبىرەك ئوقىسىمان ئۇچىدىغان باشقۇرۇلىدىغان بومبىغا قارشى تۇرۇش شەرتنامىسىگە خىلاپلىق قىلغاندا، ئامېرىكىنى كەڭ تاللىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۇجۇم قوزغاپ، ئامېرىكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ئېغىر تەھدىت پەيدا قىلغاندا، ئامېرىكىنى ئىنكاس قايتۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىش لازىم.

قاراردا مۇنداق دېيىلىدۇ: ستراتېگىيىلىك مۇداپىئە پىلانىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى يېڭى تېخنىكىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئامېرىكىنىڭ ستراتېگىيىلىك تاللىۋېلىش جەھەتتىكى ئىقتىدارىنى كېڭەيتىش ئارقىلىق ئامېرىكىنى ھەربىي تەييارلىقلارنى قىسقارتىش سۆھبىتى جەريانىدا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ۋە سۆھبەتتە ھاسىل قىلىنغان كېلىشىمگە ھۆرمەت قىلىشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش لازىم.

*

رېيگان ئوتتۇرا مۇساپىلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا شەرتنامىسىنىڭ ئامېرىكىغىمۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىغىمۇ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى

شىنخۇاشې، ۋاشىنگتون، 3- دېكابىر تېلېگراممىسى. ئامېرىكا زۇڭتۇڭى رېيگان بۈگۈن كەچتە مۇنداق دېدى: ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا مۇساپىلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا شەرتنامىسى ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ھەربىي تەييارلىقلارنى تىزگىنلەش ھەققىدىكى بۇرۇنقى كېلىشىملەرگە ئوخشىمايدۇ. مەن بۇ كېلىشىمنى كېڭەش پالاتاسىنىڭ تەستىقلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئۇ مۇنداق دېدى: گورباچېۋ بىرىنچى بولۇپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يادرو قوراللىرىنى يوقىتىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبىرى. ئۇ تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: ئامېرىكا - سوۋېت باشلىقلىرى ئۇچراشقان مەزگىلدە رەسمىي ئىمزالىنىدىغان ئوتتۇرا مۇساپىلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا كېلىشىمى ئامېرىكىغىمۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىغىمۇ پايدىلىق، بۇ شەرتنامىگە ئاساسەن، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزىنىڭ ئامېرىكىنىڭ يادرو ئوق بېشىنىڭ تۆت ھەسسىسىگە تەڭ يادرو ئوق بېشىنى يوقىتىدۇ. ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: شەرتنامىگە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالدامچىلىق قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئەڭ قاتتىق تەكشۈرۈش ماددىلىرى كىرگۈزۈلدى. ئىلگىرى ئوتتۇرا مۇساپىلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا شەرتنامىسىگە ئوخشاش مۇنداق قاتتىق تەكشۈرۈش ۋە نەق مەيداننى نازارەت قىلىش تەدبىرلىرىنى ئاساس قىلغان ھېچقانداق شەرتنامە بولۇپ باقمىغان.

رېيگان مۇنداق دېدى: كېيىنكى قەدەمدە ھەربىي تەييارلىقلارنى تىزگىنلەش جەھەتتە، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ھەر ئىككى تەرەپنىڭ 50%تىن ستراتېگىيىلىك يادرو قوراللىرىنى قىسقارتىش توغرىسىدا كېلىشىم تۈزۈلىدۇ. ئۇ يادرو قوراللىرىنى تىرىشىپ ئازايتىش بىلەن بىللە، سوۋېت ئىتتىپاقىغا داۋاملىق بېسىم ئىشلىتىپ، ئۇنى ياۋروپاغا مۇنتىزىم كۈچ ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىدىن ۋاز كەچتۈرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى. تېلېفون باش ئاپپاراتى: 42711، 42712، 42722، 42723، 42733، 42734. ئېلان بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 42840. تېلېگراف نومۇرى: 5028. گېزىتنىڭ ئايلىق باھاسى: 1·50 يۈەن، پارچە باھاسى: بەش پۇڭ. (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى 102).

1987 - يىل
دېكابىر
8
(سەيشەنبە)

شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报
(维文)
(ۋەكالەت نومۇرى 1 — 57)

ئۈرۈمچىدە كۈندۈزى ۋە كېچىسى ھاۋا ئوچۇق، بەزىدە بۇلۇتلۇق بولىدۇ. تېمپېراتۇرا 4°C — -13°C بولىدۇ. 3 بال شامال چىقىدۇ.

كېلەر يىلى يېزا ئىگىلىكىدىن مول ھوسۇل ئېلىش ئۈچۈن، ئىشنى ھازىردىن باشلاپ تۇتۇش كېرەك

— جىددىي ھەرىكەتكە كېلىپ سوغۇقتىن مۇداپىئە كۆرۈش - ئاپەتتىن قوتقۇزۇش توغرىسىدا

باش ماقالە

بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقىدا مەھسۇلات ئومۇميۈزلۈك ئېشىپ، ئونىنچى يىلىمۇ مول ھوسۇل ئېلىنىدىغانلىقى مۇقىملىشىپ قالدى.

بۇ نەتىجە ئاسانغا چۈشمىدى، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بۇنىڭدىن خۇشال بولماقتا، ئىلھاملانماقتا!

ئون يىل مول ھوسۇل ئېلىندى، بۇندىن كېيىن قانداق قىلىش كېرەك؟ جايلار، تارماقلار، دېھقان، چارۋىچىلار بۇ مەسىلە ئۈستىدە باش قاتۇرماقتا. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى قەتئىيلىك بىلەن مۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا قويدى: مول ھوسۇل ئېلىنغاندىن كېيىنمۇ قىلچىمۇ بوشاشماي، تېخىمۇ غەيرەت قىلىپ، يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز، كېلەر يىلدىن باشلاپ يەنە بىر ئون يىلمۇ داۋاملىق مول ھوسۇل ئېلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقىنى يەنىمۇ يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشىمىز لازىم.

شۇنى كۆرۈش كېرەككى، ئاپتونوم رايونىمىز يېزا ئىگىلىكىدە يەنە بىر ئون يىلمۇ مول ھوسۇل ئېلىشتا ئىنتايىن پايدىلىق شارائىتقا ئىگە. يولداش جاۋزىياڭ 13- قۇرۇلتايغا بەرگەن دوكلاتىدا يېزا ئىگىلىكىنىڭ پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىسلاھات جەريانىدىكى ئىنتايىن مۇھىم ئورنىنى مۇئەييەنلەشتۈردى، دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە سالىدىغان مەبلىغىنى داۋاملىق كۆپەيتىشنى تەلەپ قىلدى. ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر يېزا ئىگىلىكىنىڭ مۇھىملىقى، تەخىرسىزلىكىگە بولغان تونۇشىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنى قەتئىي، بوشاشماي خەلق ئىگىلىكىدە بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتا بولغان رەھبەرلىكنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىشكە بەل باغلىدى؛ جايلار، تارماقلارمۇ يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ستراتېگىيىسى ئىدىيىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تۇرغۇزدى، يېزا ئىگىلىكى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈردى؛ ھەر مىللەت دېھقان، چارۋىچىلار ئون يىل مول ھوسۇل ئېلىش داۋامىدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى مۇقىم ئاشۇرۇش جەھەتتە مول تەجرىبە توپلىدى. بۇلار بىزنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتا ئۇدا مول ھوسۇل ئېلىشىمىزنىڭ مۇھىم كاپالىتى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

شەرقىي جۇڭغار نېفىتلىكى كەڭ كۆلەمدە ئېچىلىش ئالدىدا تۇرىدۇ

ھەر مىللەت خەلقى نېفىتلىك قۇرۇلۇشىغا پائال ياردەم بېرىشى لازىم

ئۆز مۇخبىرىمىز شى جيەن، چياڭ فۇ خەۋەر قىلىدۇ: دۆلەتنىڭ 7 - بەش يىللىق پىلانىدىكى نۇقتىلىق ئېچىش تۈرى — شەرقىي جۇڭغار نېفىتلىكى ھازىر كەڭ كۆلەمدە ئېچىلىش باسقۇچىدا تۇرماقتا. بۇنىڭ ئىچىدە كۆيۈك تاغ نېفىتلىكى، دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولدى. يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى فۇكاڭدىكى نېفىت بازىسىدا نېفىتلىك قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىش توغرىسىدا سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، ھەر ساھە، ھەر كەسىپلەردىن شەرقىي شىنجاڭ نېفىتلىكى قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى شەرقىي قىسمىدىكى بىرلەشمە جەڭگە قوماندانلىق قىلىش ئورنىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى جياڭ يىن سۆھبەت يىغىنىدا نېفىتلىكنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: بۇ يىل 10 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر خېلى بىر قىسىم جايلاردا نېفىت بارلىقى ئېنىقلاپ چىقىلدى. بەزى جايلاردا ئېچىش شارائىتى ھازىرلاندى. ئاساسىي نېفىت رايونى بولغان كۆيۈك تاغ نېفىتلىكىدە بىر قانچە ئون قۇدۇقتىن نېفىت چىقتى. كېلەر يىلى يىلىغا 1 مىليون توننا نېفىت ئالغىلى بولىدۇ. بۇ جاينىڭ شىنجاڭدىكى نېفىت سانائىتى بويىچە يەنە بىر بازا بولۇپ قېلىشىدىن ئۈمىد بار.

سۆھبەت يىغىنىدا، ئاپتونوم رايوننىڭ رەھبەرلىرى تەكىتلەپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: شەرقىي شىنجاڭ نېفىتلىكىنى ئومۇميۈزلۈك ئېچىش خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئالاقىدار رايونلار ۋە بىڭتۇەننىڭ يەر سېتىۋېلىش، سۇ، ئاشلىق، كۆكتات، گۆش، تۇرمۇش، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى ۋە ئەم-

بىلەن ياردەم بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. نېفىتلىكنى تەكشۈرۈش ۋە ئېچىش سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە يېزا ئىگىلىك 6 - شىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. ئۇلار بۇندىن كېيىنمۇ مۇشۇنداق روھنى جارى قىلدۇرۇپ، نېفىت تارماقلىرىنىڭ خىزمىتىگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھەمكارلىشىپ، خىزمەتلەرنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلىشى لازىم.

يىغىندا سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، يېزا ئىگىلىك 6 - شىسى ۋە نېفىت تارماقلىرىنىڭ ۋەكىللىرى سۆز قىلىپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ خەلق ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن بىردەك كۈچ چىقىرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

يىغىنغا بەي چىڭمىڭ، تۆختى سابىرلار قاتناشتى ۋە سۆز قىلدى.

ھەر ساھە، ھەر كەسىپ نېفىت قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىشى لازىم

قىسقا ئوبزور

ئېلىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى نېفىتكە مۇھتاج. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشىمۇ نېفىتكە مۇھتاج. شۇڭا، نېفىت قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىش، نېفىتنى تەكشۈرۈش ۋە ئېچىش قەدىمىنى تېزلىتىش، مەملىكەت بويىچە نېفىت سانائىتىنىڭ ئېھتىياجى بولۇپلا قالماستىن، شىنجاڭنىڭ ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭمۇ جىددىي ئېھتىياجى. جايلار، تارماقلار ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، شەرقىي شىنجاڭ نېفىتلىكىنى تەكشۈرۈش ۋە ئېچىشقا زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشنى كۈن تەرتىپكە قويۇپ، نېفىتلىكنى ئېچىشقا ياخشى شارائىت يارىتىپ بېرىشى لازىم.

تەئمىنات خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەپ، ئاممىغا شەرقىي شىنجاڭ نېفىتلىكىنى ئېچىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى تونۇتۇپ، نېفىتلىك قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىشنى ئاممىنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇش لازىم. نېفىتلىك رايونىدىكى ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى ئۆزىگە قاراشلىق ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ نېفىتلىك بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تەڭشەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، مۇلازىمەت خىزمىتىنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەپ، نېفىتلىك ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنى يېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرى بىلەن يېتەرلىك تەمىنلىشى لازىم.

نېفىت سانائىتىنىڭ يۈكسىلىشى يەرلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە خەلقنىڭ ياردىمىدىن ئايرىلالمايدۇ. خەلقنىڭ بېيىشىمۇ نېفىت سانائىتىنىڭ تەرەققىياتىدىن ئايرىلالمايدۇ. نېفىت سانائىتى 30 نەچچە يىلدىن بۇيان، چېگرا رايوننى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىتىش ئىشىغا ناھايىتى زور تۆھپە قوشتى. بۇندىن كېيىن، نېفىت تارماقلىرى يەرلىك ئورۇنلارنىڭ ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن داۋاملىق پائال تۈردە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئەقىل كۆرسىتىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى راۋاجلاندۇرۇشنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم.

* * *



11- ئاينىڭ 17- كۈنىدىن 20- كۈنىگىچە ئۈرۈمچى رايونىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەر ناخشا ئېيتىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. «1- ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنىنىڭ شۆبە ئوتتۇرا مەكتىپى قاتارلىق ئالتە ئورۇن بىرىنچى

ئىلى ۋىلايىتىدە ئېغىر ئاپەت بولدى

ھەر مىللەت خەلقى ئاپەتكە تاقابىل تۇرماقتا

ئۆز مۇخبىرىمىز يى زېگېن خەۋەر قىلىدۇ: قىش كىرگەندىن بۇيان ئىلى رايونىدا ئۇدا قار -يامغۇر يېغىپ، توختىماي بوران چىقىپ، تېمپېراتۇرا بىردىنلا تۆۋەنلەپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىققا ۋە خەلق تۇرمۇشىغا زىيان يەتكۈزدى. ئېغىر ئاپەت ئالدىدا ئىلى ۋىلايىتىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئاپەتتىن قوتقۇزۇشقا ئاتلاندى، ھەر دەرىجىلىك رەھبىري كادىرلار بىرىنچى سەپكە بېرىپ، ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش، خەۋپتىن قوتقۇزۇشقا رەھبەرلىك قىلدى.

بۇ يىل قىشتىكىدەك ئاپەت ئىلى ۋىلايىتىدە كۆپ يىللاردىن بۇيان ئاز كۆرۈلگەن ئىنتايىن نورمال بولمىغان ھاۋا كېلىماتى تۈپەيلىدىن، شەھەر-يېزا ئاھالىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنىڭ ئۆيلىرىدىن يامغۇر ئۆتۈپ كەتتى، بىر قىسىم ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ چۈشتى، بەزى مەكتەپلەر دەرس توختىتىشقا مەجبۇر بولدى. غۇلجا ناھىيىسىدىلا 600 نەچچە ئائىلىنىڭ ئۆيى ئۆرۈلۈپ چۈشتى. ۋىلايەت بويىچە كۆزگى بۇغداي تېرىش ۋەزىپىسىنىڭ 80 پىرسەنتىلا ئورۇندالدى، ئاشلىقنى ئامبارغا كىرگۈزۈشكىمۇ ئېغىر تەسىر يەتتى. ئۈرۈمچى-ئىلى تاشيولىنىڭ كەڭساي قىسمىدا قار- شۇۋىرغان ئېغىر بولۇپ، قاتناش ئۈزۈلۈپ قالدى، 11- ئاينىڭ ئاخىرىغىچە 1000 غا يېقىن ئاپتوموبىل مۇشۇ يەردە توسۇلۇپ قالدى.

ئېغىر تەبىئىي ئاپەت ئالدىدا ۋىلايەتلىك مالىيە تارماقلىرى خەۋپلىك ئۆيلەرنى جىددىي رېمونت قىلىش، ئاپەتكە ئۇچرىغانلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن 100 مىڭ يۈەن پۇل ئاجراتتى. ناھىيە- شەھەرلەرمۇ خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىنى تارقاقلاشتۇرۇش، كۆچۈرۈش، ئوت- چۆپ، يەم- خەشەكلەرنى يۆتكەش ئىشلىرىغا ياردەم بەردى. ئۈرۈمچى - ئىلى تاشيولىنىڭ كەڭسايدا ئاپتوموبىللار توسۇلۇپ قالغان مەزگىلدە ئاپتونوم رايونلۇق، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ۋە ئىلى ۋىلايەتلىك قاتناش تارماقلىرىنىڭ رەھبەرلىرى قار-شۇۋىرغان ئاپىتى بولغان جايغا بېرىپ، ئاپەتتىن قوتقۇزۇشقا رەھبەرلىك قىلدى. 11- ئاينىڭ 28- كۈنى قاتناش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، كەڭسايدا توسۇلۇپ قالغان 160 تىن ئارتۇق ئاپتوموبىل ۋە 200 دىن ئارتۇق يولۇچى قۇتقۇزۇۋېلىندى. ھازىر ئىلى ۋىلايىتىدىكى ھەر مىللەت ئاممىسى ئاپتونوم رايونلۇق، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ۋە ئىلى ۋىلايەتلىك ئاپەتتىن، خەۋپتىن جىددىي قۇتقۇزۇش خىزمەت ئەترىتى (گۇرۇپپىسى) نىڭ كونكرېت رەھبەرلىكى، ياردىمى ئارقىسىدا ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇپ، ئاپەتنىڭ زىيىنىنى ئازايتىش ئۈچۈن تىرىشماقتا.

* * *

يېقىندا قۇمۇل شەھەر بولۇڭكۆل ئوغراق يېزىسى كادىرلار ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ئىئانە قىلغان پۇل بىلەن دېھقانلار پارتىيە مەكتىپى ئاچتى.

رەسىمدە: 1 - قاتار ئوقۇغۇچىلار 13 - قۇرۇلتاي ھۆججەتلىرىنى ئۆگەنمەكتە.

دېڭ شۈچى فوتوسى

شىنجاڭ يۇڭ توقۇمىچىلىق زاۋۇتى كادىرلارنى دېموكراتىك ئاساستا باھالاپ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى

ئۆز مۇخبىرىمىز چېن شۈيدۇڭ خەۋەر قىلىدۇ: شىنجاڭ يۇڭ توقۇمىچىلىق زاۋۇتى ئاممىنى زاۋۇت بويىچە بۆلۈم دەرىجىلىك كادىرلارنى دېموكراتىك ئاساستا باھالاشقا تەشكىللەپ، كادىرلار ئىستىلىنىڭ ياخشىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

شىنجاڭ يۇڭ توقۇمىچىلىق زاۋۇتى كادىرلارنى دېموكراتىك ئاساستا باھالاشنى بۇ يىل 4 - ئايدا باشلىغانىدى. باھالاش داۋامىدا، زاۋۇت پارتكومى ۋە تەشكىلات تارماقلىرى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى باھالاش نەتىجىسىنى كادىرلارغا ئېنىق كۆرسىتىپ، كادىرلارنىڭ ئاممىنىڭ تەنقىدىي پىكىرلىرىگە توغرا مۇئامىلە قىلىشىغا، شۇنداقلا ئەشۇ ئاساستا مەلۇم مۇددەت ئىچىدە تۈزىتىش پىلانى تۈزۈپ چىقىشىغا ياردەم بەردى.

دېموكراتىك باھالاش ئارقىلىق كادىرلار ئۆزىنىڭ كەمچىلىكىنى كۆرۈۋالدى، تۈزىتىش يۆنىلىشىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالدى، كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتى قويۇقلاشتى. بىر بۆلۈم باشلىقى ئادەتتە باشقىلارنىڭ پىكرىنى ئاڭلىمايتتى. ئىشچىلار باھالاش جەريانىدا ئۇنىڭغا پىكىر بەردى. ئۇ، ئىشچىلارنىڭ پىكرىگە ئاساسەن تۈزىتىش تەدبىرى تۈزۈپ، ئۆزلۈكىدىن سېخلارغا بېرىپ ئەھۋال ئىگىلەپ، ئىشچىلارغا بولغان پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتتى. يەنە بىر بۆلۈم باشلىقى دائىم سېختىكى يولداشلار بىلەن چىقىشالمايتتى، ئۇ باھالاش داۋامىدا ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىش ئارقىلىق، سېختىكى يولداشلار بىلەن بولغان چىقىشالماسلىقنى تۈگىتىپ، مۇناسىۋەتنى ياخشىلىدى.

دېموكراتىك باھالاش كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇردى، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كادىرلارنى تەكلىپ قىلىپ ئىشقا قويۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشقا ئاساس سالدى.

ئالىي ئورۇن بىرىنچى
دەرىجىلىك مۇكاپاتقا
ئېرىشتى.

ئەن يۈيىڭ فوتوسى

گەك مۇلازىمىتى قاتارلىق جەھەتلەردىن ماسلىشىشىغا ۋە زور كۈچ

* * *

6 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىغا قاتناشقان شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى قايتىپ كەلدى

ئۆز مۇخبىرىمىز ليۇ شۈيپىڭ خەۋەر قىلىدۇ: 6 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىغا قاتناشقان ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى 12 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ماۋ دېخۇا ۋە ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ ئالاقىدار رەھبەرلىرى ئايرودرومغا چىقىپ كۈتۈۋالدى.

6 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى تۆت دانە كۈمۈش - مىس مېدالغا ئېرىشتى. تۇرسۇن، گۇماۋشىڭلار قەدىمچە چېلىش تۈرىدە ئىككىنچى بولدى، رۇڭگۇاڭ ئوقيا ئېتىشتا ئىككىنچى بولدى، ۋېلسىپىت كوماندىسى كوللېكتىپ ئىككىنچى بولدى، خۇاڭ جۇڭمىڭ، مەيرەمبېك، ئالىم غازى، مۇراتجانلار خەلقئاراچە چېلىشتا ئۈچىنچى بولدى. ئاپتونوم رايون ۋەكىللەر ئۆمىكى جەمئىي 90 نومۇرغا ئېرىشىپ، مۇسابىقىگە قاتناشقان 36 تەنتەربىيە ۋەكىللەر ئۆمىكى ئىچىدە 26 - بولدى.

* * *

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى ئوچۇق سوت يىغىنى ئېچىپ،

15 نەپەر ئىقتىسادىي جىنايەتچىگە قانۇن بويىچە قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلدى

ئۆز مۇخبىرىمىز زىلىڭ گۇاڭبو خەۋەر قىلىدۇ: ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى 11 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئوچۇق سوت يىغىنى ئېچىپ، ئالتە ئەنزىدىكى 15 نەپەر ئىقتىسادىي جىنايەتچىگە قانۇن بويىچە قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلدى.

قاماق جازاسى بېرىلگەنلەر ئىچىدە جىنايەتچى، ئالدامچى، پارە ئالغۇچى ۋە ھايانكەش جىنايەتچىلەر بار. سابىق شىنجاڭ «سەنما» سودا - سانائەت تەرەققىيات شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى مايپېيلى، باش جىڭلىسى سۇڭ شىمىڭ، مۇئاۋىن باش جىڭلىسى جياڭ گۈيىن، چىڭ باۋرولار 1984 - يىلى ۋە 1985 - يىللىرى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ شياڭچىڭ ناھىيىسىدىكى مولىڭ بازارلىق ئەمگەك مۇھاپىزەتى ئاياغ زاۋۇتى ۋە يىڭچۈەن تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت شۆبە شىركىتى بىلەن مال بېرىش توختامى تۈزگەن، ئۇلاردىن مال پۇلى ئۈچۈن ئالدىن 150 مىڭ يۈەن ۋە 690 مىڭ يۈەن ئېلىپ ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرىدىكى قەرزلىرىنى تۆلەشكە ئىشلەتكەن. ئۇلار ئۆز شىركىتىنىڭ توختامنى ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ، ئالدامچىلىق قىلىپ مال پۇلى ئېلىپ، ئالدامچىلىق جىنايىتى شەكىللەندۈرگەن. مايپېيلى قاتارلىق جىنايەتچىلەر خىزمەتتىكى قولاي شارائىتتىن پايدىلىنىپ، ئومۇمىنىڭ 10 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇلىنى ئىشلىتىۋېلىپ، خىيانەتچىلىك جىنايىتى شەكىللەندۈرگەن، بىر نەچچە جىنايەتنى قوشۇپ، مايپېيلىغا مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىش، سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىش جازاسى بېرىلدى. جياڭ گۈيىنگە مۇددەتلىك 20 يىللىق قاماق جازاسى، چىڭ باۋروغا مۇددەتلىك ئون يىللىق، سۇڭ شىمىڭغا مۇددەتلىك بەش يىللىق قاماق جازاسى بېرىلدى.

ئوچۇق سوت يىغىنىدا باشقا 21 ئىقتىسادىي جىنايەتچىگىمۇ مۇددەتلىك ۋە مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلدى.

قەشقەر شەھەرلىك پار - پۇربۇيۇملىرى زاۋۇتى ئىسلاھ قىلىش، ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولدى

شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى مۇخبىرى ئۆمەرجان باقى خەۋەر قىلىدۇ: قەشقەر شەھەرلىك پار - پۇر بۇيۇملىرى زاۋۇتى بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، ئىسلاھ قىلىش، ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئۇزۇندىن بۇيان زىيان تارتىپ كەلگەن ھالەتنى ئۆزگەرتىپ، زاۋۇتنى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلدى.

بۇ زاۋۇت ئۇسكۇنە ۋە تېخنىكا جەھەتتە قالاق، ئىش ئۈنۈمى تۆۋەن، مەھسۇلات سۈپىتى ناچار، رىقابەت ئىقتىدارى يوق كارخانا ئىدى. 1981 - يىلىدىن بۇيان، ھەر يىلى زىيان تارتىپ ۋەيران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالغانىدى. زاۋۇت بۇ خىل ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، مۇقىم ئىش ھەققى تۈزۈمىنى ئىشقا قاراپ ھەق بېرىشكە ئۆزگەرتتى. 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ئۇسكۇنە سېتىۋېلىپ، ئىلگىرىكى قول ئەمگىكىگە تايىنىپ ئىشلەشنى 80% ماشىنا ئارقىلىق مەشغۇلات ئېلىپ بېرىشقا ئۆزگەرتتى. بۇنىڭ بىلەن ئىش ئۈنۈمى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئىلگىرى 16 ئادەم كۈنىگە 90 مېتىردىن تورۇبا ياسىغان بولسا، ھازىر 14 ئادەم كۈنىگە 400 مېتىردىن تورۇبا ياسايدىغان بولدى. مەھسۇلات سۈپىتىمۇ ياخشىلىنىپ، ئوتتۇرا چىدامىلىق خىش، ساپال تورۇبا ئىشلەپچىقىرىش بويىچە ئۆز جايىدىكى ئوخشاش كەسىپتىكى كارخانىلار ئىچىدە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى. بۇ يىل 9 - ئايدا ۋىلايەتلىك ئۆلچەم ئىدارىسى بۇ زاۋۇتنىڭ مەھسۇلاتىنى تەكشۈرۈپ، ئوتتۇرا چىدامىلىق خىش بىلەن ساپال تورۇبىغا دۆلەت ئۆلچىمىگە يەتكەنلىك گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بەردى. زاۋۇت 11 - ئايغىچە 12 مىڭ مېتىر ساپال تورۇبا، 300 توننا ئوتتۇرا چىدامىلىق خىش ئىشلەپچىقىرىپ، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ۋە سېتىپ چىقىرىش سوممىسىنى ئۆتكەن يىلدىكىدىن ئىككى ئاي بۇرۇن، ھەم ئايرىم - ئايرىم ھالدا 27% ۋە 80% ئاشۇرۇپ ئورۇندىدى.

پوسكام ناھىيىسى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئىش ھەققى تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ، ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدى

ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز سۇلايمان ئۆمەر خەۋەر قىلىدۇ: پوسكام ناھىيىسى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئىش ھەققى تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ، ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

ئىلگىرى بۇ ناھىيىدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىغا سائەت بويىچە ئىش ھەققى ھېسابلاش تۈزۈمى يولغا قويۇلغاچقا، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئىش ئۈنۈمى تۆۋەن، مۇلازىمەت سۈپىتى ناچار بولۇشتەك ئەھۋال مەۋجۇت ئىدى. بۇ ئەھۋالغا ئاساسەن، ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى بۇ يىلقى كۈزگى بۇغداي تېرىلغۇسى باشلىنىشتىن بۇرۇن بۇ مەسىلىنى ئەتراپلىق مۇزاكىرە قىلىپ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ۋە ئاممىنىڭ مۇۋاپىق تەكلىپلىرىنى قوبۇل قىلغان ئاساستا، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئىش ئۈنۈمى ۋە سۈپىتى، ئىش نەتىجىسىگە قاراپ ئاندىن ئىش ھەققى بېرىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. بۇنىڭ بىلەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ مەشغۇلات سۈپىتى زور دەرىجىدە ئۆسۈپ، ئىش ئۈنۈمى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.



قەشقەر يىپەك توقۇمىچىلىق فابرىكىسى بوياقچىلىق سېخى بوياپ چىقارغان ئەتلەس سۈپىتىنىڭ ياخشى، رەڭگىنىڭ كۆركەم بولۇشى بىلەن خېرىدارلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

سۈرەتتە: فابرىكىدىكى تېخنىك خادىملار بويالغان يىپەك رەختلەرنىڭ سۈپىتىنى تەكشۈرمەكتە.

مەمتىمىن زەبىبۇللا فوتوسى

مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتى سىرتقا كۆتۈرە بەرمەكچى بولغان قۇرۇلۇشلارنى ئۆزلىرى ئىشلەپ 2 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغنى تېجەپ قالدى .

ئۆز مۇخبىرىمىز يادىكارئابدۇراخمان خەۋەر قىلىدۇ: مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتى يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان، سىرتقا كۆتۈرە بېرىپ كېلىۋاتقان قۇرۇلۇشلارنى ئۆزلىرى ئىشلەپ، قۇرۇلۇش ۋە رېمونت راسخوتىدىن 2 مىليون 90 مىڭ يۈەن تېجەپ قالدى.

1985- يىلىدىن ئىلگىرى بۇ زاۋۇت ھەر يىلى سىرتتىن قۇرۇلۇش ئەترەتلىرىنى تەكلىپ قىلىپ، قۇرۇلۇش قىلدۇرغانلىقتىن، ئىش ئۈنۈمى تۆۋەن، قۇرۇلۇشلارنىڭ تەننەرخى يۇقىرى بولۇپ كەلگەنىدى. 1986- يىلى زاۋۇت رەھبەرلىكى چىقىمنى تېجەپ، كىرىمنى كۆپەيتىش ئۈچۈن، سىرتقا كۆتۈرە بېرىدىغان قۇرۇلۇشلارنى ئۆز زاۋۇتىدىكىلەر ئىشلەش توغرىسىدا كونكرېت بەلگىلىمە چىقاردى. شۇندىن بۇيان، رېمونتنى ئاساس قىلغان سېخلار ئارقا- ئارقىدىن تۈرلۈك قۇرۇلۇشنى كۆتۈرە ئېلىپ ئىشلىدى. ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ئۇلار ماي تۆكۈش ياساش، تورۇبا يولى، ئاپتوماتىك تېلېفون ئورنىتىش ۋە ئەمگەك مۇلازىمەت ئىشلىرىنى ئۆزلىرى ئىشلىدى. بەلگىلىمە بويىچە زاۋۇتتىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى. سىرتقا كۆتۈرە بەرمەكچى بولغان قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە تېجەپ قېلىنغان پۇلنىڭ ئون پىرسەنتى ئىشچى- خىزمەتچىلەرگە مۇكاپات سۈپىتىدە تارقىتىپ بېرىلگەنىنىڭ سىرتىدا، يەنە زاۋۇت بويىچە 2 مىليون 90 مىڭ يۈەن قۇرۇلۇش ۋە تۈرلۈك رېمونت ھەققى تېجەپ قېلىنىدى.

پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ بېيىغان ياش

ئاتۇش شەھىرىدىكى قاراشلىق ئۆستەڭ ئاتۇش يېزىسىنىڭ ئوتياغ كەنت 8- مەھەللىسىدىكى مۇساجان قاسىم پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ بېيىپ ئائىلە ئىگىلىكىنى جانلاندۇردى.

مۇساجان قاسىم 1983- يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئائىلىسىگە قايتقاندىن كېيىن، ئەقىل- پاراسىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، دېھقانچىلىق ۋە كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللاندى. بۇ جەريانىدا ئۇ، ئائىلىسىدىكىلەرنى يېتەكلەپ بەشكىرەم دەرياسى ياقىسىدىكى سايدا 20 مودىن ئارتۇق يەرگە كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىپ، كەنتتىكى دېھقانلارغا ئۈلگە ياراتتى. مۇساجان بۇنىڭ بىلەن قانائەتلىنىپ قالمىدى. ئۇ، 1986- يىلى باشقىلارنىڭ ئۈچۈر بېرىشى بىلەن قەشقەر 1-قۇرۇلۇش ئەترىتىنىڭ مۇش يېزىسىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ 72 مو يەردىكى بېغى بىلەن 92 مو تېرىلغۇ يېرىنى ئۈچ يىللىق مۇددەت بىلەن كۆتۈرە ئالدى. ئۇ، يەر ۋە باغ باشقۇرۇشتا ئالدى بىلەن «دېھقانچىلىق ئاساسىي بىلىملىرى» دېگەن كىتابنى سېتىۋېلىپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئىلمىي ئۇسۇلدا دېھقانچىلىق قىلدى. سورتلۇق ئۇرۇقلارنى تاللاپ تېرىش بىلەن ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى تېرىشنى مۇۋاپىق بىرلەشتۈرۈپ، ئىلمىي ئۇسۇلدا باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئارقىلىق، 1985- يىلى ئومۇمىي كىرىمنى 2000 يۈەنگە يەتكۈزدى. 1986- يىلى كۈزدە 50 مو يەرگە بۇغداي تېرىپ، 10 مىڭ 250 كىلوگرام ھوسۇل ئېلىپ، بۇنىڭدىن 2500 يۈەن پايدا ئالدى، ئېگىز ئورنىغا قوناق تېرىپ 2000 يۈەن كىرىم قىلدى. قالغان 42 مو يەرگە قوغۇن، ئاپتىپپەرەس قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىپ، 4800 يۈەن كىرىم قىلدى. ئۇ يەنە بۇ يىل باغ پەرۋىشىنى كۈچەيتىپ، 3600 يۈەنگە مېۋە سېتىپ، 10 مىڭ 650 يۈەن ساپ پايدا ئالدى.

موساجان قاسىم كېلەر يىلى تېخىمۇ كۆپ ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشىش ئۈچۈن، 7400 يۈەنگە بىر قول تراكتور ۋە بىر يۈرۈش دېھقانچىلىق سايمانلىرى سېتىۋالغاندىن باشقا، 1000 كىلوگرام خىمىيىۋى ئوغۇت سېتىۋېلىپ تەقلەپ قويدى.

تۇرغۇن ئوبۇل ، تۇرغۇن ئېلى

* * *

قاراباغ يېزىسىدا ئېلېكتر نۇرى چاقنىدى

يېزىلىرىمىز ئېلېكترلەشمەكتە

تۈپ بەرگەنىدى. بۇ يىل قالغان ئۈچ

چۆللنى بوستان قىلغان ئەزىمەت

باغراش ناھىيىلىك ئورمان-
چىلىق پونكىتىنىڭ سابىق باشلى-
قى، كومپارتىيە ئەزاسى مەھ

تورى ۋە بىردانە ماشىنىسى بار.
ئۇ يەنە ئىككى كىلومېتىر ئۇززۇن-

يېزىلىرىمىز ئېلېكترلەشمەكتە



ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز قۇربان سايىم خەۋەر قىلىدۇ: تارىختىن بۇيان قارا چىراق يېقىپ كەلگەن باي ناھىيىسىنىڭ قاراباغ يېزىسىدىكى دېھقانلار بۇ يىل قارا چىراقتىن تەلتۆكۈس قۇتۇلدى.

ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى بۇ يېزىدىكى دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئېلېكتر ئىستانسىسى بار قوشنا يېزىلاردىن سىم تارتىش ئارقىلىق، بۇ كەنتنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى بىر قىسىم ئائىلىلەرنى يورۇتۇپ بەرگەنىدى. بۇ يىل قالغان ئۈچ كەنتتىكى ئائىلىلەرگىمۇ توك سىمى تارتىپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن بۇ يېزىدىكى 90 مىڭ ئاھالىنىڭ ھەممىسى قارا چىراقتىن تەلتۆكۈس قۇتۇلدى. توك تارتىلىش بىلەن يېزا قىياپىتىدىمۇ زور ئۆزگىرىش بولدى. يېزا تەۋەسىدە چوڭ تىپتىكى بىر ئۇن زاۋۇتى، كىچىك تىپتىكى بىر ئۇن زاۋۇتى، چوڭ - كىچىك ياغ زاۋۇتىدىن 23 ى، شال تىلىش ماشىنىسى، خىش زاۋۇتى قاتارلىق زامانىۋى زاۋۇتلار ماگىزۇزلۇپ، خەلقنىڭ كۆپ خىل ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشىغا يول ئېچىلدى.

زوگلاڭ سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى توك بېرىشكە باشلىدى

قاغىلىق ناھىيىسىدە ئىلگىرى 2400 كىلوۋات-سائەت توك ھاسىل قىلالايدىغان بىرلا كىچىك تىپتىكى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى بولغاچقا، ناھىيىنىڭ توك مەسىلىسى جىددى بولۇپ كەلگەنىدى. ناھىيە ئۆتكەن يىلى 3 مىليون 500 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ، 1250 كىلوۋات-سائەت توك ھاسىل قىلالايدىغان زوگلاڭ سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشىنى باشلىغانىدى، جىددى ئىشلەش ئارقىلىق بۇ ئىستانسا قۇرۇلۇشى بۇ يىل 10- ئايدا رەسمىي پۈتۈپ، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. بۇنىڭ بىلەن ناھىيىنىڭ توك مەسىلىسى ھەل بولۇپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ئاساس يارىتىلدى.

مىجىت نىزامىدىن



پوسكام ناھىيىلىك توك تارقىتىش پونكىتى «ئىككىنى ئاشۇرۇش، ئىككىنى تېجەش» ھەرىكىتى داۋامىدا، تۈرلۈك چىقىملارنى ئازايتىپ، كىرىمنى ئاشۇردى. بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، پونكىت توك ئىسراپچىلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ناھىيە بويىچە 490 دىن ئارتۇق كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنىڭ توك سائەتلىرىنى بىر خىل تىپتىكى كونترول ساندۇغى ئىچىگە ئورنىتىپ بەردى.

سۈرەتتە: مانتيورلار توك سائىتىنى ساندۇق ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرماقتا.

ئابلىمىت بارات فوتوسى

چۆلنى بوستان قىلغان ئەزىمەت

ئۆز مۇخبىرىمىز ئوسمان يۈسۈپ

چىلىق پونكىتىنىڭ سابىق باشلىقى، كومپارتىيە ئەزاسى مەمەت باسىت كادىرلىقتىن چېكىنىپ، ئېچىش خاراكتېرلىك ئورمان بىنا قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان غەپلەت ئۇيقىدا ياتقان چۆللۈكنى ئويغىتىپ، بوستانلىققا ئايلاندۇردى. ئۇ بىنا قىلغان ئورماننىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 1050 موغا يەتتى.

ئەگەر سىز ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن كادىرلىقنى تاشلاپ، باغراش ناھىيىسىدىن 130 نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قۇرغاق چۆلگە كېلىپ كۆچەت تىكتىڭىز» دەپ سورىسىڭىز، ئۇ، مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ: «مېنىڭ جەنۇبىي تاققا كېلىشىم ئۆزۈم ئۈچۈن ئەمەس، پۇل ئۈچۈنمۇ ئەمەس، بەلكى كۆچەت تىكىپ، چۆلنى بوستانلىققا ئايلاندۇرۇپ، كېيىنكى ئەۋلادلارغا بەخت يارىتىش ئۈچۈن».

يولداش مەمەت باسىت كۆرەيلىك چۆللۈكنى ئېچىشنى ئۇزۇندىن بۇيان ئويلاپ يۈرگەن. ئۇ، ناھىيىلىك ئورمانچىلىق پونكىتىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان مەزگىلدە، بۇ جاينىڭ ھەممە بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىنى ئارىلاپ، تەبىئىي شارائىتىنى پىششىق ئىگىلىگەن. بۇ، قۇرغاق، تاغ ئالدىدىكى كەلكۈن تىندۇرۇلمىلىرىدىن ھاسىل بولغان كەڭ تۈزلەڭلىك بولۇپ، ئېچىشنى كۈتۈپ ياتقان گۆھەر زېمىندى. مەمەت باسىت بۇ يەردە شورنىڭ زېمىنى ئاز ئىكەنلىكىنى، پەقەت قۇدۇق قېزىپ سۇ چىقىرىلسا، ئورمان بىنا قىلغىلى، تېرىقچىلىق قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى پەملىگەنىدى. ئۇ، 1982- يىلى يۇقۇرىغا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئورمانچىلىق مەيدانى قۇرۇش توغرىسىدا دوكلات سۇنغىنىدا، ئۇنىڭ دوكلاتى تەستىقلانمىدى. ئۇ، دۆلەتنىڭ قىيىنچىلىقىنى چۈشىنىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ جەنۇبىي تاغنى تۆت قېتىم تەكشۈرۈپ چىقىپ قەتئىي نىيەتكە كەلدىدە، مائاشىنى توختىتىپ، جەنۇبىي تاغقا بېرىپ، ئورمان بىنا قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئىلتىماس قىلدى. ئۇنىڭ بۇ تەلىپى باغراش ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا ئېرىشتى. ئۇ ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بىلەن ئىقتىسادىي توختام تۈزۈپ، جەنۇبىي تاغقا بېرىپ ئېچىش خاراكتېردىكى ئورمان بىنا قىلغان بىرىنچى ئائىلە بولدى.

1984 - يىل 3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى يولداش مەمەت باسىت ئائىلە بويىچە جەنۇبىي تاققا (كۆدەيلىك) كە كۆچۈپ چىقتى. ئۇ، ئالدى بىلەن ئورمانچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئاساسى بولغان سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، قۇدۇق كولاپ سۇ چىقاردى. قەلەمچە يېتىشتۈرۈپ، كۆچەت تىكتى. ئالدىراش پەسىلدە ئائىلە بويىچە زەربىدارلىق بىلەن جاپالىق ئىشلىدى، ئۆزلىرى يېتىشەلمىگەندە ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىنى ياردەمگە تەكلىپ قىلدى ۋە مەلۇم ساندا ئادەم يالالاپ ئىشلەتتى. ئوبلاستلىق ئورمانچىلىق ئىدارىسى، ناھىيىلىك مالىيە بۆلۈمى، يېزا ئىگىلىك بانكا ئۇنىڭ ئېچىش خاراكتېرلىك ئورمان بىنا قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يېقىندىن مەدەت بېرىپ، قەرز پۇل بەردى. ئۇ ئىلمىي ئۇسۇلدا كۆچەت يېتىشتۈرۈشنى چىڭ تۇتقانلىقتىن، تىكىلگەن كۆچەتلەرنىڭ تۇتۇش نىسبىتى يۇقىرى بولۇپ، ئورمان كۆلىمى تەدرىجى كېڭەيدى.

يولداش مەمەت باسىت ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ مۇددىتى ئۇزۇن بولۇش، مەبلەغ كۆپ كېتىش، ئۈنۈم بېرىش ئاستا بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئىگىلىك تىكلەشتە ئورمانچىلىقنى ئاساس قىلىپ، قوشۇمچە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى. 120 مو ئورمانلىققا قوغۇن، ياڭيۇنى كىرىشتۈرۈپ تېرىپ، 13 مىڭ 340 يۈەن كىرىم قىلدى. دېھقانچىلىق ئارقىلىق ئورمانچىلىقنى قامدىدى. كەلكۈن ۋە قۇدۇق سۈيىدىن پايدىلىنىپ بوز يەرگە 12 مو بۇغداي ۋە بېدە، 14 مو قوناق، 290 مو قىچا تېرىپ 29 مىڭ 850 يۈەن كىرىم قىلدى. ئورمانچىلىق ئارقىلىق چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇپ، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىقنى بىر گەۋدە قىلىپ، بىر - بىرىنى يۈكسەلدۈردى ۋە ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇردى. 1984 - يىلىنىڭ ئاخىرى مەمەت باسىت 40 تۇياق قوي سېتىۋالدى ھەم يېڭىدىن بەش دانە قۇدۇق كولاپ 600 مو ئورمان بىنا قىلدى. 1985 - يىلى 77 مىڭ 934 يۈەن مەبلەغ سېلىپ، جەمئىي 54 مىڭ 421 يۈەن ساپ كىرىم قىلىپ، شۇ يىلىلا ئوتتۇرا ھېسابتا ھەر بىر ئەمگەكچىنىڭ كىرىمىنى 1460 يۈەندىن توغرا كەلتۈردى. ھازىر ئۇنىڭ بىر دانە يۈرۈشلەشكەن 55 تىپلىك تىراك-

ئۇ يەنە ئىككى كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش توغىنى سوقتى.

1986 - يىلى يولداش مەمەت باسىت 600 مو يەرگە قوغۇن تېرىپ، 943 توننا قوغۇن ساتتى. 120 مو يەرگە تاۋۇز تېرىپ، 60 توننا تاۋۇز ساتتى. 53 مو يەرگە بۇغداي تېرىپ، 10 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق ئالدى. 20 مو يەرگە شوخلا تېرىپ 23 توننا شوخلا ئالدى. شۇ يىلى ئۇنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 121 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى. بۇ يىل ئۇ 100 تۇياق چارۋا بېقىپ، بازارنى گۆش بىلەن تەمىنلىدى.

يولداش مەمەت باسىتنىڭ باشلامچىلىقىدا ئورغۇن ئائىلىلەر جەنۇبىي تاققا كۆچۈپ چىقىپ، كۆچەت تىكىپ ئورمان ئەھيا قىلدى. ھازىر بۇ جاي بايىنغولىن رايونى بويىچە بىرىنچى ئورمانچىلىق كەنتىگە ئايلاندى. ھازىر بۇ يېڭى كەنتتە 81 ئائىلە، 600 دىن ئارتۇق نوپۇس، 250 ئەمگەك كۈچى بار. ئۇلار جەمئىي 18 قۇدۇق قازدى. ئۇلارنىڭ بىنا قىلغان ئومۇمىي ئورمان كۆلىمى 5000 موغا يەتتى. ئۇلار ئورمان ئارىسىغا كىرىشتۈرۈپ تېرىغان ئاشلىق، قوغۇن، تاۋۇز مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش ئۈچۈن 16 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا يول ياساپ، كورلا چوڭ تاش يولىغا تۇتاشتۇردى. ھازىر بۇ ئورمانچىلىق يېڭى كەنتتە دوختۇرخانىلار سېلىندى. باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلدى. كۆدەيلىكتىكى يېڭى مەنزىرىدىن زوقلانغان دېھقانلار مەمەت باسىتنىڭ دىت ۋە پاراسىتىگە ئاپىرىن ئوقۇدى،

ئىگىلىك ياراتقۇچىلار

ئابونتلار ئۇنىڭ قەلبىدە

— مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر پوچتالىيون ئەكبەر ئىمىن توغرىسىدا

ئۆز مۇخبىرىمىز بەختىيار خوجا

ھەر قانداق كىشى ئۆزى سالغان پوچتا يوللانمىسىنىڭ قارشى تەرەپكە تېز ۋە خاتاسىز تېگىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. مەملىكىتىمىزدىكى نەچچە يۈز مىڭ پوچتالىيون ئەنە شۇنداق يوللانمىلارنى ۋاقتىدا ئىگىسىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن، يىلبويى قار - شىۋىرغانغا ۋە يامغۇر - بورانغا پىسەنت قىلماي، شەھەر - يېزىلار ۋە تاغ - يايلاقلار ئارىسىدا قاتنىشىپ، جەمئىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ كەلمەكتە. ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى مەركىزىي پوچتا ئىدارىسىدىكى ئەكبەر ئىمىن ئەنە شۇنداق ھۆرمەتكە سازاۋەر يېشىل كىيىملىك ئەلچىلەرنىڭ بىرى. ئۇ، يېقىندا «ئىقتىساد گېزىتى»، «جۇڭگو مەجمۇئە گېزىتى» قاتارلىق ئورۇنلار بېيجىڭدا بىرلىشىپ ئۆتكۈزگەن مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر پوچتالىيونلارنى باھالاش - مۇكاپاتلاش يىغىنىدا ئۈچ يىلدا 1 مىليون پارچىغا يېقىن پوچتا يوللانمىسىنى خاتاسىز يەتكۈزۈشتەك ئەلا نەتىجىسى بىلەن بىرىنچى دەرىجىلىك پوچتالىيون بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلاندى.

يېقىندا ئۇنى زىيارەت قىلدىم. ئەكبەر ئىمىن پوچتا يوللانمىلىرىنى پوچتا سومكىسىغا قاچىلاۋاتقانىكەن، ئۇ، ئالدىراش بولغاچقا، سوئاللىرىمغا قىسقىلا جاۋاب بېرىپ، ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. پوچتا يوللانمىلىرىنى ۋاقتىدا يەتكۈزۈش مۇھىم، شۇڭا ئۇنىڭ ۋاقتىنى ئېلىشنى توغرا تاپمىدىم، ئىدارە باشلىقى ماڭا ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ بەردى.

ئەكبەر ئىمىن 1983- يىلى 11- ئايدا ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى مەركىزىي پوچتا ئىدارىسىغا خىزمەتكە كىرگەن. ئۇ، ئۆزىگە تەقسىم قىلىنغان ۋەزىپە بىلەن تونۇشۇپ چىقىپ، پوچتا يوللانمىلىرىنى تېز، توغرا يەتكۈزۈش

شى ئىشلەش ئۈچۈن، خەنزۇ يېزىقى ۋە تىلىنى ياخشى بىلىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلغان ئەكبەر كەچتە ئىشتىن چۈشۈپ، كۇرستا خەنزۇچە ئۆگەنگەن. يېرىم يىل تىرىشىش ئارقىلىق، كەسىپكە ئائىت خەنزۇچە خەتلەرنى ئىگىلىگەن.

ئۇ ئۈچ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە 1 مىليون پارچىغا يېقىن پوچتا يوللانمىسىنى ئۆز ۋاقتىدا، خاتاسىز يەتكۈزدى، ئادرېسى ئېنىق بولمىغان، خاتا يېزىلغان «ئۆلۈك» پوچتا يوللانمىسىدىن 64 پارچىنى ئۆز ئىگىسىگە يەتكۈزۈپ بەردى. ئۇ، دائىرىسىدىكى كوچىلارغا ھەر كۈنى ئىككى قېتىم قاتنىغاندىن سىرت، كۈندۈزى ئۆيىدە بولمىغان ئابونتلارنى كەچتە ئىزدەپ، يوللانمىلارنى ئىگىلىرىگە ۋاقتىدا يەتكۈزدى، ئاممىغا ئوڭايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، باشقىلارغا ۋەكالىتەن گېزىت- ژۇرناللارغا مۇشتەرى بولۇش، خەت- چەكلەرنى پوچتىغا يوللاش، خالتىلارنى پوچتىغا سېلىش، ئاپىرىپ بېرىش قاتارلىق ئىشلارنى ئۈزلۈكسىز خالىس داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. ئۇ، بۇ يىلىنىڭ ئالدىنقى يەتتە ئېيىدا 1200 نەچچە پارچە يوللانمىنى باشقىلارغا ۋەكالىتەن يوللاپ بەردى، بىر مىڭ نەچچە يۈز يۈەنلىك گېزىت- ژۇرنالغا مۇشتەرى بولۇش رەسمىيىتىنى ۋەكالىتەن ئۆتەپ بەردى. شۇڭا ئۇنىڭ يەتكۈ-

نى مەدھىيىلىدى. ئۇ خىزمەتكە قاتناشقاندىن بۇيان، ھەر يىلى «مۇنەۋۋەر ئىتتىپاق ئەزاسى»، «ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچى» بولۇپ باھالىنىپ تەقدىرلەندى.

شۇ ئەسنادا ئۈستى - بېشىغا قونغان قارنى ئېرىتىپ، كىيىم - كېچەكلىرى ھۆل بولۇپ كەتكەن ئەكبەر ئىشخانىغا كىرىپ كەلدى ۋە ئىدارە باشلىقىغا قاراپ: «بۈگۈنمۇ بىر پارچە «ئۆلۈك» خەت تىرىلدى» دېدى. بۇ ئىشنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق ئىكەن:

بۇ ئىدارە «دۆڭ كۆۋرۈك ئازادلىق يولى 18- قورۇ ئەلى» دېگەن ئادرېس يېزىلغان ئالاھىدە تېز يەتكۈزۈلىدىغان مال ئېلىش تالونىنى تاپشۇرۇۋالىدۇ. ئەمما «18 - قورۇ» دەل مۇشۇ پوچتىخانىنىڭ ئىشىك نومۇرى بولۇپ، پوچتىخانىدا ئەلى ئىسىملىك ئادەم يوق ئىدى. دېمەك، ئادرېس خاتا يېزىلغان بولۇپ، مال ئېلىش تالونىنى قايتۇرۇۋېتىشكە توغرا كېلەتتى. ئەمما ئەكبەر بۇ تالوننى ئىگىسىگە يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن، دۆڭ كۆۋرۈك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سودا بازىرىدىكى 60 نەچچە تىجارەتچىدىن سۈرۈشتە قىلىپ، ئاخىرى ئىگىسىنى تېپىپ تالوننى تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ.

مەن ئەكبەردىن: «سىز قانداق قىلىپ شۇنچە كۆپ پوچتا يوللانمىلىرىنى خاتاسىز يەتكۈزۈپ بېرەلىدىڭىز؟» دەپ سورىغىنىمدا، ئۇ: «بىر پوچتا يوللانمىسى بىر قەلبكە ئوخشايدۇ، ئۇ بىزگە ھاۋالە قىلىنغان ئامانەت، ئۇنى چوقۇم ئىگىسىگە يەتكۈزۈش كېرەك. مەن پوچتا يوللانمىلىرىنى يەتكۈزۈش داۋامىدا ئابونتلارنى ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بىلىۋېلىشقا، ئۇلارنىڭ چىرايىنى ئەستە تۇتۇۋېلىشقا تىرىشتىم. پوچتا يوللانمىلىرىدىكى تاپشۇرۇۋالغۇچىنىڭ ئادرېسىغا قاراپ قالماي، يەنە ئەۋەتكەن كىشىنىڭمۇ ئادرېسىنى ئەستە ساقلىدىم، ئامانەتنى تاپشۇرمىغىچە، كۆڭلۈم ئارام تاپمىدى» دېدى.

ئەمدىلا 26 ياشقا كىرگەن ئەكبەرنىڭ بۇ

شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ خىمىيەۋى قوراللاردىن مۇداپىئە كۆرۈش قىسمى ئۈرۈمچى خېيجاشەن كوچا باشقارمىسىغا ياردەملىشىپ، ھەر مىللەت ياشلىرىغا مەدەنىيەت ئۆيى قۇرۇپ بەردى. سۈرەتتە: ياشلار ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتتا مەدەنىي مەشغۇلات بىلەن شۇغۇللانماقتا.

جاڭ شۈجىن فوتوسى

جەنۇبىي شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملار ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ كېسىلىنى داۋالىماقتا

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، جەنۇبىي شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملار نۇرغۇن قېتىم داۋالاش ئەترىتى ۋە قۇتقۇزۇش گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، ئاممىنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ ۋە كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

قىسىم تۇرۇشلۇق جايدا ئۇيغۇر، تاجىك، قىرغىز قاتارلىق 20 نەچچە ئاز سانلىق مىللەت دېھقان - چارۋىچىلىرى تارقاق ئولتۇراقلاشقانىدى، تارىخىي سەۋەبلەر ۋە تەبىئىي مۇھىت چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، بۇ جاينىڭ سەھىيە ئىشلىر-

بۇ يىل 10 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى دائىرىسىدە يۇقۇملۇق كېسەل تارقالغاندا، مەلۇم قىسىمدىكىلەر دەرھال تۆت داۋالاش ئەترىتى ئەۋەتتى، بۇ ئەترەتتىكىلەر داۋالاش - كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى. قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىدا كارىۋات قىس، تىببىي خادىم يېتىشمىگەن ئەھۋالدا، قىسىم دوختۇرخانىلىرى دەم ئېلىشقا چىققان ئون نەپەر بۆلۈم مۇدىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ، 150 كارىۋاتلىق ۋاقىتلىق دوختۇرخانا قۇردى، يې-

ئۈچۈن، ئۆز دائىرىسىدىكى ھەرقايسى ئىدارە، ئورگان، مەكتەپ، تىجارەت دۇكانلىرى قاتارلىقلارنىڭ ئورنىنى ئېگىللىگەن، خىزمەتنى ياخ-

روش دائىرىسىدىكى ئىدارە، ئورگانلار ۋە ئاما غالىبىيەت يولى مەركىزدي پوچتا ئىدارىسىغا ئون نەچچە پارچە رەھمەت خېتى يېزىپ، ئەكبەر-

ئەمدىلا 26 ياشقا كىرگەن ئەكبەرنىڭ بۇ جاۋابى ماڭا 1 مىليون پارچىغا يېقىن پوچتا يوللانمىسىنىڭ خاتاسىز، ۋاقتىدا يەتكۈزۈلگەنلىكىنىڭ سىرىنى چۈشەندۈردى.

نىڭ تەرەققىياتى ئاستا بولۇپ كەلگەنىدى. قىسىمدىكىلەر بۇ جايىنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ شەھىيە ئىشىغا نۇقتىلىق ياردەم بەردى. ئۇلارغا نۇرغۇن تىببىي خادىم تەربىيىلەپ بەردى، بىرمۇنچە داۋالاش سايمانلىرى، دورا قاتارلىقلارنى ھەقسىز ياردەم قىلدى.

ۋاقىتلىق دوختۇرخانا قۇردى، يېڭىشەھەردە تۇرۇشلۇق قىسىملار 4000 يۈەندىن ئارتۇق پۇل ئىئانە قىلىپ، كېسەللەرنىڭ ياخشى داۋالىنىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى.

ئابدۇراخمان سادىر

قەشقەر شەھىرى غوجام كۆلبېشى 3-باشلانغۇچ مەكتىپى

تەنتەربىيە پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ساغلاملىقىنى ئاشۇردى

ئۆز مۇخبىرىمىز تۇردى مەتنىياز، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز تۇرغۇنجان مۇسا خەۋەر قىلىدۇ: ئاپتونوم رايون ۋە قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە نۇقتىلىق مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ بىرى بولغان قەشقەر شەھىرى غوجام كۆلبېشى 3-باشلانغۇچ مەكتىپى تەنتەربىيە ئوقۇتۇشى ۋە دەرستىن سىرتقى تەنتەربىيە پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ساغلاملىقىنى ئاشۇردى.

بۇ مەكتەپ رەھبەرلىكى بىر قانچە يىلدىن بۇيان، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياش قۇرامى، جىنسى ئايرىمىسى، بەدەن قۇرۇلۇشى قاتارلىقلارنى نەزەردە تۇتۇپ، پىلان، باسقۇچلۇق ھالدا ئوقۇغۇچىلارنى بەدەن چېنىقتۇرۇشقا تەشكىللىدى. ھەر يىلى 9-ئايدا مەكتەپ بويىچە رادىئو گىمناستىكىسى ۋە كۆز گىمناستىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇشنى تۇتسا، 10-ئايدا پۇتبول مۇسابىقىسى، 12-ئايدا قىش پەسىللىك كوچا ئايلىنىپ يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى، 3-ئايدا يېنىك ئاتلېتىكا، 5-ئايدا ۋالېبول مۇسابىقىسى پائالىيىتى ئېلىپ بېرىشنى تۈزۈمگە ئايلاندۇردى. ئوقۇغۇچىلاردىن تەنھەرىكەت ماھىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، مەكتەپ بويىچە نۇقتىلىق كوماندا تەشكىللىدى. سىنىپلاردىمۇ توپ كوماندىلىرى تەشكىل قىلىندى. كوماندىلارنىڭ مەشىق پىلانى تۈزۈلۈپ، ھەرىكەت ۋاقتى، مىقدارى، سىجىللىقى قاتارلىقلار خاتىرىلەندى. بۇنىڭ بىلەن، 1984-يىلى بۇ مەكتەپ ئاپتونوم رايوننىڭ «ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ تەنتەربىيە-ساقلىقنى ساقلاش خىزمىتىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى»نى ئىزچىللاشتۇرۇشنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتا لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى ئالدى. شۇ يىلى 82% ئوقۇغۇچى دۆلەت تەنتەربىيە كومىتېتى تەرىپىدىن بېكىتىلگەن چېنىقىش ئۆلچىمىگە يېتىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە 3-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بۇ يىل ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۇقىرىقى چېنىقىش ئۆلچىمىگە يېتىش نىسبىتى 91% كە يەتتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بۇ مەكتەپنىڭ ئوغۇللار، قىزلار پۇتبول كوماندىسى قەشقەر شەھىرى ۋە قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە 1-، 2-بولۇپ كەلمەكتە. ئوغۇللار پۇتبول كوماندىسى بۇ يىل 7-ئايدا قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئۆسمۈرلەرنىڭ «كوئىنلۇن» لوڭقىسى تالىشىش پۇتبول مۇسابىقىسىدە 1-لىكنى ئالدى، يەنە 8-ئايدا كورلا شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئاپتونوم رايون بويىچە ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ «بىخ» لوڭقىسىنى تالىشىش پۇتبول مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ چېمپىيونلۇققا ئېرىشىپ، مەكتەپكە شان-شەرەپ كەلتۈردى.



كورلا شەھەرلىك خەلق ئىشلار ئىدارىسى ۋە خەلق دوختۇرخانىسى تەشكىللىگەن ھال سوراش ئۆمىكى يېقىندا قار-بوران ئاپىتىگە ئۇچرىغان چارۋىچىلاردىن ھال سوراپ، ئۇلارغا كىيىم-كېچەك تارقىتىپ بەردى ھەم بىر قىسىم چارۋىچىلارنىڭ كېسىلىنى داۋالىدى.

تۇرسۇن ھوشۇر

يېزىدا ماكانلاشقان دوختۇر

1962-يىلى قەشقەر تىببىي تېخنىكۇمىنى پۈتتۈرگەن سۇلتان قاسىم لوپنۇر ناھىيىسى دۆڭقوتان چارۋىچىلىق مەيدانىغا تەقسىم قىلىنىدى، شۇندىن بۇيان، ئۇ مەيدان دوختۇرخانىسىدا 18 قىش-يازنى ئۆتكۈزۈپ، چارۋىچىلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇپ، ئۇلار بىلەن بىر تۇغقان قېرىنداشلاردەك ئۆتتى. 1980-يىلى خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن تارىم يېزا ئاقسوپى كەنت تىببىي پونكىتىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ يۆتكەلدى: شارائىتى ناچار، قاتنىشى قولايسىز بۇ كەنتنىڭ داۋالاش-ساقلىقنى ساقلاش خىزمىتى بىر قەدەر قالاق ئىدى، سۇلتان قاسىم بۇ ھالەتنى ئۆزگەرتىش نىيىتىگە كەلدى ۋە ئىشنى تىببىي پونكىتنى ئوڭشاشتىن باشلىدى. ئۇ، كەنت رەھبەرلىكىنىڭ قوللىشى ۋە ناھىيىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ، تىببىي پونكىتنىڭ كۆلىمىنى كېڭەيتتى. يەرلىك دوختۇردىن ئۈچ كىشىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىش ھەققىنى تىببىي پونكىتنىڭ كىرىمىگە قاراپ بېكىتتى. ئايلىنىپ يۈرۈپ كېسەل كۆرۈش بىلەن مۇنتىزىم كېسەل كۆرۈشنى بىرلەشتۈرۈش، رېتسېپسىز دورا بېرىشنى مەنئىي قىلىش، ۋاقتى ئۆتكەن دورىلارنى جىددىي بىر تەرەپ قىلىش، قاراتمىلىقى بولغان نىشانلىق داۋالاشنى يولغا قويۇش، جىددىي كېسەللەرنى ئاۋۋال داۋالاپ دورا پۇلىنى كېيىن ھېسابلاش، مۇئامىلىدە ۋە ۋەزىپىنى ئورۇنداشتا ياخشى بولغانلارنى مۇكاپاتلاش، خىزمەتتە پاسسىپ، كېسەللەرگە مۇئامىلىسى قوپال، ۋەزىپىنى ئورۇنداشتا ناچار بولغانلارغا جەرىمانە قويۇش ۋە ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرۈش قاتارلىق بىر قاتار تۈزۈملەرنى ئورنىتىپ، تىببىي خادىملارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغىدى. كەسپىي جەھەتتىكى يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىپ، كەسپىي خادىملارنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈردى، نەتىجىدە، بۇ پونكىتنىڭ خىزمىتى تېزلا جانلاندى، داۋالاش سۈپىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئاممىنىڭ ئىشەنچىسى قولغا كەلتۈرۈلدى، كېسەل كۆرسىتىدىغانلار كۆپەيدى. 1986-يىلى 4346 ئادەم (قېتىم) كېسەل كۆرۈلۈپ، 1981-يىلىدىكىدىن 126% ئاشتى، ئومۇمىي كىرىم 8676 يۈەنگە يېتىپ، 1981-يىلىدىكىدىن 179% كۆپەيدى، 1987-يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا 3038 ئادەم-قېتىم كېسەل كۆرۈلۈپ، 7961 يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلىنىپ، يېرىم يىلدىلا يىللىق ۋەزىپىنىڭ 80%تىن ئارتۇقراقى ئورۇندالدى.

سۇلتان قاسىم خىزمەتتە باشلامچىلىق رولى ۋە مەسئۇلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇشقا دىققەت قىلىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق كېسەللەرنىڭ دەرت-ئەھۋالىغا يەتتى.

1983-يىلىدىن ھازىرغىچە ئون نەچچە كىشىنىڭ ھاياتىنى خەۋپتىن قۇتقۇزدى، كېسەللەر قايسى ۋاقىتتا ئۇنىڭغا ئېھتىياجلىق بولسا، ئۇ شۇ ھامان تەييار بولدى.

بۇ يېزا دوختۇرى 20 نەچچە يىلنى يېزىدا ئەنە شۇنداق ئۆتكۈزۈپ، ئۆز بۇرچىنى ياخشى ئادا قىلىپ كەلدى. ئۇ بۇ يىل شەرەپ بىلەن ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا سەھىيە سېپىدىكى ئىلغارلار يىغىنىغا قاتناشتى.

ئابلىز ئوسمان

شەھۋانە سىنئالغۇ قويغان، كۆرگەن خۇاڭ چاۋفۇ قاتارلىق كىشىلەرگە جەرىمانە قويۇلدى

ئۆز مۇخبىرىمىز ئوسمان يۇسۇپ خەۋەر قىلىدۇ: كورلا شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى يېقىندا شەھۋانە سىنئالغۇ قويۇش ئەنزىسىنى پاش قىلىپ، جاۋابكارلارنى بىر تەرەپ قىلدى.

مەلۇم زاۋۇتنىڭ ئىنژېنېرى، ئىشخانا مۇدىرى خۇاڭ چاۋفۇ بۇ يىل 3-ئايدا گۇاڭجۇغا خىزمەتكە بارغاندا، ئىككى قۇتا شەھۋانە سىنئالغۇ لېنتىسى سېتىۋېلىپ، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئائىلىسى ۋە باشقا ئائىلىلەردە ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ بەش قېتىم قويغان. ئۇنى 30 نەچچە كىشى كۆرگەن، بىر قىسىم ئىشچى-خىزمەتچىلەر بۇ شەھۋانە سىنئالغۇ لېنتىسىنى كۆچۈرۈۋالغان.

كورلا شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى خۇاڭ چاۋفۇنىڭ شەھۋانە سىنئالغۇ لېنتىسىنى يىغىۋالدى ھەم جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئامانلىق ساقلاش ئىشلىرى بويىچە باشقۇرۇش ۋە جازالاش نىزامنامىسىنىڭ 32-ماددا ئىككىنچى تارمىقىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، خۇاڭ چاۋفۇغا 2000 يۈەن، كۆرگۈچى 12 ئادەمگە جەمئىي 4200 يۈەن جەرىمانە قويدى.

شاڭخەي سىمسىز رادىئو 4 - زاۋۇتى پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەتنى ئايرىغاندىن كېيىن،

پارتكوم كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى تۇتتى

شىنخۇاشې، شاڭخەي، 4 - دېكابىر تېلېگراممىسى. شاڭخەي سىمسىز رادىئو 4 - زاۋۇتى پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەتنى ئايرىغاندىن كېيىن، پارتكوم كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى چىڭ ۋە ياخشى تۇتۇپ، پارتىيە رەھبەرلىكىنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتتى.

«زەپەرمارشى»ماركىلىق ئېلېكترون مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشتا داڭ چىقارغان بۇ چوڭ تىپتىكى كارخانا 1984 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا زاۋۇت باشلىقى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى يولغا قويغاندىن كېيىن، پارتكوم بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلماي، ئىشلەپچىقىرىشقا قوماندانلىق قىلىش ھوقۇقىنى، زور مەسىلىلەر ئۈستىدە تەدبىر تۈزۈش ھوقۇقىنى، ئادەم ئىشلىتىش ھوقۇقىنى ۋە تەقسىمات ھوقۇقىنى زاۋۇت باشلىقىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى.

پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەت ئايرىۋېتىلگەندىن كېيىن، زاۋۇت پارتكومىمۇ كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ پارتىيە ئىنتىزامى ۋە پارتىيە ئىستىلى جەھەتتىكى تەربىيىنى تۇتۇپ، «پارتىيە پارتىيىنى باشقۇرۇش» نى ئىشقا ئاشۇردى.

زاۋۇت پارتكومى يەنە پارتىيە ئەزالىرىنى ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رول ئويناشقا رىغبەتلەندۈرۈشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، پارتىيە تەشكىلىنىڭ ئاممىنى ئارىسىدىكى ئىناۋىتىنى ئۈستۈردى.

كارخانىلارنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ياخشىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، بۇ زاۋۇت پارتكومى پارتىيە ئەزالىرىنى سوتسىيالىستىك پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكى توغرىسىدىكى نەزەرىيىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇردى. بۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىك بازار ئىقتىسادىنىڭ كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇشىغا ئوبيېكت تەلەپلەرنى قويغانلىقىنى، كارخانىلاردا مەھسۇلات سۈپىتى مۇقىم بولماسلىق، سېتىشتىن كېيىنكى مۇلازىمەت يېتەرلىك بولماسلىق، يېڭى مەھسۇلاتلارنى راۋاجلاندۇرۇش ئاستا بولۇشتەك مەسىلىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىپ، زاۋۇت باشلىقىنىڭ سىياسەت بەلگىلىشىگە ياردەم بەردى.

* * *

مائەنشەن شەھىرى كارخانا پارتگۇرۇپپىسىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتتى

شىنخۇاشې، خېفېي خەۋىرى. ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ مائەنشەن شەھىرى كارخانا پارتگۇرۇپپىلىرى يۇقىرى دەرىجىلىك مەمۇرىي تارماقلارنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە بولىدىغان كونا تۈزۈلمىنى ئۆزگەرتىپ، كارخانا پارتگۇرۇپپىلىرى شەھەرلىك، رايونلۇق پارتكوملارنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولۇشنى يولغا قويۇپ، پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەتنى ئايرىشنى ئىلگىرى سۈردى.

بۇ يىل 3- ئايدىن بۇيان، مائەنشەن شەھەرلىك پارتكوم بىلەن شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى سانائەت قاتناش، شەھەر قۇرۇلۇشى سىستېمىسىدىكى 83 كارخانا، كەسپىي ئورۇننىڭ پارتگۇرۇپپىلىرىنى ئومۇميۈزلۈك شەھەرلىك، رايونلۇق پارتكومنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شەھەرلىك پارتكوم بۇ ئىككى سىستېمىدىكى مەمۇرىي ئىدارە ۋە مەمۇرىي شىركەتلەرنىڭ 60 تىن ئارتۇق پارتىيە، ئاممىۋى خىزمەت بۆلۈمى، ئىشخانىلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، بۇ بۆلۈم، ئىشخانىلاردىكى خادىملارنىڭ 85 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىغان 172 نەپەر پارتىيە، ئاممىۋى خىزمەت خادىمىنى ئاساسىي قاتلام ۋە كارخانا ئورۇنلىرىغا تولۇقلاپ بەردى.

يېرىم يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيانقى ئەمەلىيەت كارخانا پارتگۇرۇپپىلىرى شەھەرلىك پارتكوم، رايونلۇق پارتكومنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەندىن كېيىن، ئىلگىرىكىدەك پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەت ئايرىلمايدىغان ئەھۋال ئۆزگىرىپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ كۈچەيگەنلىكىنى، كارخانىلارنىڭ پارتىيە، ئاممىۋى خىزمىتىدىمۇ ئىلگىرىكى جىم-جىتلىق ھالەت بۇزۇپ تاشلىنىپ، پائالىيەتلەرنىڭ جانلىق ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسەتتى.

كېلەر يىلى يېزا ئىگىلىكىدىن مول ھوسۇل ئېلىش ئۈچۈن، ئىشنى ھازىردىن باشلاپ تۇتۇش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

لېكىن شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئاساسى يەنىلا بىر قەدەر ئاجىز، ھاۋا كېلىماتى، يەر شارائىتى جەھەتلەردە تۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىشىمىز مۇمكىن. ئۇدا ئون يىل مول ھوسۇل ئالغان ئاساستا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتا مەھسۇلاتنى مۇقىم ئاشۇرۇپ بېرىش، بولۇپمۇ يەنە بىر ئون يىل مول ھوسۇل ئېلىش ئۈچۈن، تۇرغۇن چاپالىق، ئىنچىكە خىزمەتلەرنى ئىشلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. ئۆتكەن ئون يىلدا مول ھوسۇل ئېلىنغانلىقى ھەر دەرىجىلىك كادىرلار، ھەر قايسى تارماقلار، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، ھەر خىل تەبىئىي ئاپەتلەرگە ۋە قىيىنچىلىقلارغا قارشى قەتئىي، بوشاشماي كۆرەش قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. شۇڭا ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي يولداشلاردا ھازىردىن باشلاپ بالدۇرراق تەييارلىق قىلىشى، مەۋقەنى نۆۋەتتىكى ئىشلارغا قويۇپ، يىراققا نەزەر سېلىپ، كېلەر يىلى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىش ئۈچۈن، خىزمەتلەرنى پۇختا ئىشلىشى لازىم.

نۆۋەتتە جىددىي ھەرىكەتكە كېلىپ، سوغۇقتىن مۇداپىئە كۆرۈش - ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش - كېلەر يىلى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشتىكى جىددىي ۋەزىپە، بۇ يىل قىش كىرگەندىن كېيىن، ئىككى قېتىملىق سوغۇق ئېقىمىنىڭ ئۇشتۇمتۇت ھوجۇمى تۈپەيلىدىن، بىر قىسىم رايونلارنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقى ۋە خەلق تۇرمۇشى ئېغىر تەسىرگە ئۇچرىدى. دېھقانچىلىقتا بىر تەرەپتىن، كۈزلۈك تېرىلغۇنىڭ ئالدى - كەينىدە ئۇدا يامغۇر يېغىپ، تېرىقچىلىق مەۋسۇمى كېچىكىپ كەتتى، ئاپتونوم رايون بويىچە كۈزگى بۇغداي تېرىلغۇ كۆلىمى بۇلتۇرقىدىن ئازىيىپ كەتتى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ قېتىم ئۇشتۇمتۇت سوغۇق بولۇپ، كۈزگى بۇغداي ئۈششۈپ كەتتى. چارۋىچىلىقتا قار - شىۋىرغاننىڭ ئۇشتۇمتۇت ھوجۇمى تۈپەيلىدىن، چارۋا ماللار بىمەھەل ئورۇقلاپ كەتتى، قىشلاققا كۆچۈرۈش مەزگىلىدە قاتتىق سوغۇق بولغانلىقتىن، نەسىللەندۈرۈش ئېغىر تەسىرگە ئۇچرىدى. بۇلار جەزمەن كېلەر يىللىق دېھقان-

ھەر كەسىپتىكىلەرنىڭ جىددىي ۋەزىپىسى، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىنىڭ 13-قۇرۇلتاي روھىنى ئۆگىنىپ ئىزچىللاشتۇرۇشتىكى كونكرېت ھەرىكىتى. بۇ يىل قىش دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تەسىرگە ئۇچرىدى. كېلەر يىل دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ قىيىنچىلىقى كۆپرەك بولۇشى مۇمكىن. بۇ، بىزدىن سوغۇقتىن مۇداپىئە كۆرۈش- ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماددىي ئەشيالىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، ساقلاش، توشۇش خىزمىتىنى ئالدىنئالا ياخشى ئىشلەپ، كېلەر يىلى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتا مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئوبدان خىزمەت قىلىشىمىز لازىم. خىمىيىۋى ئوغۇت، سۇلياۋ يوپۇق، دىزىل مېيى، دېھقانچىلىق دورىلىرى دېھقانچىلىق مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم ماددىي شەرتى. دېھقانلار خىمىيىۋى ئوغۇت،سۇلياۋ يوپۇق بولسا، ئاشلىق، پاختا بولىدۇ، دېيىشىدۇ. بۇ گەپ ئورۇنلۇق. دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىدىغان ماددىي ئەشيالارنى ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنلەش، توشۇش تارماقلىرى بالدۇرراق ھەرىكەتكە كېلىپ، مەھسۇلاتنى مۇقىم ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى، مال مەنبەلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەشكىللەپ، خىمىيىۋى ئوغۇت، سۇلياۋ يوپۇق قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنى ئەتىيازلىق تېرىقچىلىقتىن ئىلگىرى ئاساسىي قاتلاملارغا يەتكۈزۈپ بېرىشى، تەمىنلەش ئورۇنلىرى ئۇلارنى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ قولىغا ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بېرىشى لازىم؛ پۇل مالىيە تارماقلىرى مەبلەغ جەھەتتە ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىنىڭ قېيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىشىغا زور كۈچ بىلەن مەدەت بېرىشى، ياردەم بېرىشى لازىم. پەن-تېخنىكا تارماقلىرى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تەتقىقات نەتىجىلىرىنى پائال ئومۇملاشتۇرۇشى لازىم. ھەر ساھە، ھەر كەسىپتىكىلەر، ھەر قايسى تارماقلار دېھقان، چارۋىچىلار ئالدىرىغانغا ئالدىرىشى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىققا مەدەت بېرىشكە ئالاھىدە كۈچ چىقىرىشى ۋە بۇ جەھەتتە ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىشى لازىم.

كېلەر يىل ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا ئىگى-

بۈگۈن تېلېۋىزوردا

4- قانال

18:30 تېلېۋىزىيە فىلىمى: دۇنياغا ئۇچۇش (2)
18:50 تېلېۋىزىيە فىلىمى: بۈگۈنكى خۇەنيۇ
19:45 چاتما خەۋەر: ئىسلاھات — ئۈمىد نۇرى (6)
20:00 مەخسۇس خەۋەر: قارلىق تاغ ۋە چۆللەردە يۈرۈش (ئىككىنچى قىسىم)

6- قانال

18:43 ھەپتىدە بىر جۈملە سۆز
18:46 كارتون فىلىم: تۇخۇم شاكىلىنىڭ خەتەرگە يولۇققۇشى (10)
19:35 كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى: گىمارخان (2-، 3- قىسىملىرى)
21:19 چىمەنباغ: ئاسىيا تىنچلىق مۇزىكا يىغىنى (1)

12- قانال

17:40 كۆزىتىش ۋە پىكىر قىلىش: ئىسلاھ قىلماق ئالغا باسىمىز
18:00 كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى: نەنجىڭدىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى (3)
18:50 ياپونىيە كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى: چىن مۇھەببەت (3)
19:40 مەخسۇس خەۋەر: رەئىس لى شيەننيەننىڭ فرانسىيەدىكى زىيارىتى
21:00 تېلېۋىزىيە چاتما فىلىمى: ئۇلۇغ ستراتېگىيىلىك بۇرۇلۇش (1)

27- قانال

19:20 ياۋايى ھايۋانلار ھەققىدە چاتما فىلىم: ئادەملەر ۋە زېمىن (5)
19:45 تېلېۋىزىيە تىياتىرى: كۈچلۈك شامال مۇشۇ يەردىن ئۆتتى (ئىككىنچى قىسىم)
21:20 تېلېۋىزىيە فىلىمى: نۇر مېلودىيىسى

(«شىنجاڭ رادىئو-تېلېۋىزىيە گېزىتى» دىن ئېلىندى)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تاشقى ئىقتىساد - سودا نازارىتى، سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ

ئۈچەي سېتىۋېلىشنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى بىرلەشمە ئۇقتۇرۇشى

(ش ب № 247)

ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۈچەي سېتىۋېلىشنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، بازارلارنى ئومۇمیۈزلۈك تەرتىپكە سېلىپ، جانلىق، تەرتىپلىك باشقۇرۇش ئۈچۈن تۆۋەندىكىچە ئۇقتۇرۇش چىقىرىمىز:

1. تاشقى سودا تارماقلىرى كۆپلەپ تور-نۇقتىلارنى قۇرۇپ، ئۈچەي سېتىۋېلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى، مال بىلەن تەمىنلىگۈچى ئورۇنلار ئۈچۈن ياخشى خىزمەت قىلىشى لازىم. جايلاردىكى تاشقى سودا شىركەتلىرى ئالدى بىلەن ئۆز رايونىدىكى سېتىۋېلىش خىزمىتىنى ياخشى ئۆتۈشتۈرۈشى، ئەگەر رايون ھالقىپ مال سېتىۋالماقچى بولسا، شۇ جايدىكى سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرىغا تىزىمغا ئالدۇرۇشى، شۇ جايدىكى تاشقى سودا شىركەتلىرى بىلەن بىرلىكتە مال باھاسى سىياسىتىنى قەتئىي ئىجرا قىلىشى، بازار باشقۇرۇشقا بويسۇنۇشى لازىم. مال باھاسىنى ۋە دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكىمۇ، چۈشۈرۈشكىمۇ بولمايدۇ.

2. جايلاردىكى سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىلىرى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشى لازىم. كىنىشكىسىز تىجارەت قىلغانلارنىڭ تىجارىتى بىردەك توختىتىلىدۇ. تىجارەت دائىرىسىدىن ھالقىغانلارغا ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە جەرىمانە قويۇلىدۇ. مال مەنبەلىرىنىڭ زىيانغا ئۇچرىشى، ئىسراپ بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئالاقىدار كىنىشكىسى بار يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ ئەمەلىي پىششىقلاپ ئىشلەش ئىقتىدارى ۋە تېخنىكىسىغا ئاساسەن ھالال ئىشلىشى، قانۇنلۇق تىجارەت قىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزغا كېلىپ ئۈچەي سېتىۋالغۇچىلاردىن شۇ جايدىكى سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورۇنلىرىغا بېرىپ تىزىمغا ئالدۇرمىغانلار ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە جازالىنىدۇ.

3. جايلاردىكى سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى ۋە تاشقى سودا تارماقلىرى زىچ ماسلىشىپ ئۈچەي سېتىۋېلىش خىزمىتىنى ياخشى باشقۇرۇپ، تاشقى سودا ئېكسپورتىغا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم. شۇڭا ئالاھىدە ئۇقتۇرۇش قىلىندۇق.

شۇ بويىچە ئىجرا قىلىشىڭلارنى سورايمىز.

قاتتىق سوقۇق بولغانلىقتىن، نەسىللەندۈرۈش ئېغىر تەسىرگە ئۇچرىدى. بۇلار جەزمەن كېلەر يىللىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىشىمىزغا ناھايىتى زور قىيىنچىلىق كەلتۈرىدۇ. ئاپەت ئالدىدا ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىك تارماقلىرى ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇپ، مول ھوسۇل ئېلىش ئىدىيىسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، سوغۇقتىن مۇداپىئە كۆرۈش - ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش كۆرىشىگە پائال ئاتلىنىشى لازىم. دېھقانچىلىقتا كۈزگى بۇغداي تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ ئازايغانلىقى، ئۈششۈك ئاپىتىگە ئۇچرىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، سۇغىرىش، ئوغۇتلاش، پەرۋىشنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىپ، سۈپەتلىك يازغى بۇغداي ئۇرۇقلۇقىنى يېتەرلىك تەييارلاپ، كۈزگى بۇغدايدىن بولمىدىغان زىياننى يازغى بۇغدايدىن تولۇقلاش لازىم. چارۋىچىلىقتا قەتئىي تەدبىر قوللىنىپ، چارۋا ماللارنى بىخەتەر كۆچۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئاجىز چارۋا ماللارنى جىددىي قۇتقۇزۇپ، نەسىللەندۈرۈش، بوغاز چارۋا ماللارنى ئاسراش خىزمىتىنى تىرىشىپ ياخشى تۇتۇش لازىم.

ئىلگىرىكى تەجرىبىلەر ئىسپاتلىدىكى، ئېغىر ئاپەت ئالدىدا ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ئىدىيە جەھەتتە ئەھمىيەت بەرسە، كۈچلۈك تەدبىر قوللانسا، ئاممىنى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، تەبىئىي ئاپەتتىن ئۈستۈن غەلىبە قىلىشقا سەپەرۋەر قىلالىدىغانلا بولسا، كېلەر يىلى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىشتىن ئۈمىد زور.

سوغۇقتىن مۇداپىئە كۆرۈپ - ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇپ مول ھوسۇل ئېلىش — تارماقلار، ھەر ساھە،

سى لازىم.

كېلەر يىل ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە يەنە بىر ئون يىل مول ھوسۇل ئېلىشنىڭ تۇنجى يىلى، ئون يىل دەسلەپكى يىلغا، دەسلەپكى يىل دەسلەپكى قىشقا باغلىق. بۇ يىل قىشقا تەييارلىق خىزمىتى ياخشى ئىشلەنسە، كېلەر يىلى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتا تېخىمۇ تەشەببۇسكار بولغىلى، ھەر قەدەمدە تەشەببۇسكار بولغىلى بولىدۇ. جايلار، تارماقلار بۇ يىلقى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىش تەجرىبىلىرىنى ياخشى يەكۈنلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، 13- قۇرۇلتايدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان «ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىش لازىم» دېگەن تەلەپ بويىچە كېلەر يىللىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق پىلانىنى بالدۇر، ياخشى تۈزۈپ، ئاشلىق مىقدارىنى مۇقىم ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا، كۆپ خىل ئىگىلىكنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى مۇقىم ئاشۇرۇشى لازىم. بالدۇرراق ھەرىكەتكە كېلىپ، قىشلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋە كېلەر يىل ئەتىيازلىق تېرىلغۇ تەييارلىقىنى ياخشى تۇتۇشى لازىم. تېرىلغۇ تەييارلىقى ياخشى ئىشلەنسە، كېلەر يىل ئەتىيازلىق تېرىلغۇنىڭ تۇنجى جېڭىنى ياخشى قىلىشقا پايدىلىق بولىدۇ. بىخۇتلۇق، بوشاڭلىقنى تۈگىتىپ، نۆۋەتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ناھايىتى چىڭ تۇتۇشىمىز كېرەك. خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىسەك، قىيىنچىلىقلارنى يەڭسەك، كېلەر يىللىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىش شەرتىنى ھازىرلىغان بولىمىز.

كىنوخانىلاردا

رەڭلىك ھېكايە فىلىم

تۇرمۇشتىكى مارافونچىلار

«خەلق» كىنوخانىسىدا: بۈگۈن 9:30 دا، 11:40 تا، 1:50 تە، 4:00 تە، 6:10 دا، 8:20 دە؛
«تىنچلىق» كىنوخانىسىدا: بۈگۈن 10:00 دا، 12:10 دا، 2:20 دە، 4:30 دا، 6:40 تا.

رەڭلىك ھېكايە فىلىم

ئورمانلىق تاغدىكى تۇنجى ئايال

«1- ماي» كىنوخانىسىدا: بۈگۈن 9:30 دا، 11:40 تا، 1:50 تە، 4:10 دا، 6:20 دە، 8:40 تا؛
«ئۆكتەبىر» كۆلۈبىدا: بۈگۈن 10:30 دا، 12:40 تا، 2:50 تە، 5:10 دا، 7:40 تا؛
«خەلق» تىياتىرىدا: ئەتە 3:10 دا، 5:40 تا؛
«بەخت» كىنوخانىسىدا: ئەتە 12:20 دە، 2:20 دە، 4:50 تە، 7:10 دا.

رەڭلىك ھېكايە فىلىم

ئالۋاستى شەھىرىدىكى ئادەملەر

«بەخت» كىنوخانىسىدا: بۈگۈن 12:20 دە، 2:20 دە، 4:50 تە، 7:10 دا؛
«خەلق» تىياتىرىدا: بۈگۈن 3:10 دا، 5:40 تا.

ئامېرىكا بىلەن بولغارىيە بىرلىكتە ئىشلىگەن ھېكايە فىلىم

پادىشاھنىڭ شۆھرىتى

3- بىناكارلىق كۆلۈبىدا: بۈگۈن 5:40 تا، 8:00 دە؛
«ئىتتىپاق» تىياتىرىدا: بۈگۈن 10:50 تە، 1:00 دە، 3:20 دە، 5:40 تا، 8:00 دە؛
«خەلق» كىنوخانىسىدا: ئەتە 9:30 دا، 11:40 تا، 1:50 تە، 4:00 تە، 6:10 دا، 8:20 دە؛
«تىنچلىق» كىنوخانىسىدا: ئەتە 10:00 دا، 12:10 دا، 2:20 دە، 4:30 دا، 6:40 تا.

ياپونىيە رەڭلىك ھېكايە فىلىمى

كىنو ماكانى

3- بىناكارلىق كۆلۈبىدا: ئەتە 3:20 دە، 5:40 تا، 8:00 دە؛
«ئىتتىپاق» تىياتىرىدا: ئەتە 10:50 تە، 1:00 دە، 3:20 دە، 5:40 تا، 8:00 دە.

پارتىيىلىك ۋە پارتىيىسىز ئوقۇغۇچىلار ئۆتكۈزگەن بىر قېتىملىق سۆھبەت يىغىنى

يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىنىڭ 85 - يىللىق تولۇق كۇرس 2 - سىنىپى يېڭىچە شەكىلدە پارتىيىلىكلەر بىلەن پارتىيىسىزلەرنىڭ سۆھبەت يىغىنىنى ئاچتى. تۆت نەپەر پارتىيىلىك ئوقۇغۇچى پارتىيىسىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ پارتىيىگە كىرىش مەقسىتى، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئۆلچىمى، ئىستىقبالى، غايىسى قاتارلىقلار توغرىسىدا سورىغان سوئاللىرىغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرىپ، ساۋاقداشلارنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى.

بۇ قېتىمقى سۆھبەت يىغىنى بۇ سىنىپتىكى پارتىيىلىك ئوقۇغۇچىلار بىلەن پارتىيىسىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ پارتىيە نىزامنامىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش، سىردىشىپ ئۆز ئارا چۈشىنىش ئاساسىدا، پارتىيە ئەزالىرىنى نازارەت قىلىشقا قولايلىق تۇغدۇرۇش، ئوقۇغۇچىلارنى پارتىيە ياچېيكىسى ئەتراپىغا تېخىمۇ ئۇيۇشتۇرۇش مەقسىتىدە ئۆتكۈزۈلدى. بۇ سىنىپتا 34 نەپەر ئوقۇغۇچى بولۇپ، پارتىيىسىز 30 نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ 27 سى پارتىيىگە كىرىشكە ئىلتىماس يازغان. سۆھبەت جەريانىدا بىر ئوقۇغۇچى بىر كاندىدات پارتىيە ئەزاسىدىن: «سەن پارتىيىگە كىرگەندىن كېيىن يەڭگىللىك ھېس قىلىۋاتامسەن؟»

جايدا ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك، بىراق، سەن مەندىن ئانچە پەرقلەنمەيدىغاندەك تۇرىسەن، سېنىڭچە قانداق؟» دەپ سوئال قويغىنىدا، بۇ كاندىدات پارتىيە ئەزاسى ئېغىر بېسىقلىق بىلەن مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى: «مەن پارتىيە ئەزالىرىنىڭ شەرتىگە ئاساسەن جەھەتتىن ئۇيغۇن كېلىمەن، پارتىيىگە كىرىش تەشكىلىي جەھەتتىكى بىر قېتىملىق ئىش بولسىمۇ، ئەمما ئىدىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۆمۈرلۈك ئىش. مەن ئۆزەمگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، لاياقەتلىك كومپارتىيە ئەزاسى بولۇشقا تىرىشىمەن». كومپارتىيە ئەزالىرى جاپادا ئالدىدا، ھالاۋەتتە كەينىدە تۇرۇشى كېرەك، دېگەن مەسىلە توغرىسىدا توختالغاندا، بىر مۇنچە ئوقۇغۇچىلار پارتىيە ئەزالىرىدىن: «سىلەر مەكتەپ پۈتتۈرگەندە تەقسىمات مەسىلىسىگە قانداق قارايسىلەر؟» دەپ سورىدى. پارتىيە ئەزالىرى تەقسىماتقا بويسۇنىدىغانلىقىنى، پارتىيە ۋە خەلق مەنپەئەتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدىغانلىقىنى، شەخسىي مەنپەئەتنى ئىككىنچى ئورۇندا قويىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بەزى پارتىيە ئەزالىرى دادىللىق بىلەن: «مەنمۇ ياخشى ئورۇنغا بېرىشنى خالايمەن، ئەگەر تەشكىل مېنى شارائىتى ناچار ئورۇنغا تەقسىم قىلسا، ئۇنىڭغا بويسۇنىمەن» دېدى. ئۇلارنىڭ راس گېپىنى ئاڭلىغان ساۋاقداشلار رازى بولۇشۇپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

سۆھبەت جىددىي، قىزغىن ھەم جانلىق ئۆتكۈزۈلدى. پارتىيە ئەزالىرى ئۆزلىرىنىڭ يۈرەك باغرىدىنى ئاشكارىلاپ، ئۆزلىرىنىڭ نېمە ئۈچۈن پارتىيىگە كىرىدىغانلىقى، قانداق قىلىپ لاياقەتلىك پارتىيە ئەزاسى بولىدىغانلىقى قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا سەممىي، راستچىللىق بىلەن سۆزلەپ، ساۋاقداشلارنى قايىل قىلدى. ئەتىسى سىنىپ پارتىيە ياچېيكىسىغا پارتىيىگە كىرىش ئىلتىماسىدىن بىرسى ۋە ئۈچ پارچە ئىدىيىۋى دوكلات تاپشۇرۇلدى. ئىلتىماستا مۇنداق بىر ئابزاس سۆز يېزىلغان: «...... بۇ مېنىڭ پارتىيىگە كىرىش توغرىسىدىكى 4 - قېتىملىق ئىلتىماسىم. ئالدىنقى ئۈچ پارچىسىنى تەشكىلگە تاپشۇرمىدىم، ئۇ، پارتىيە تەشكىلىنىڭ ماڭا ئىشەنمىگەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى مېنىڭ ئۆزەمگە ئىشەنمىگەنلىكىمدىن شۇنداق بولدى، مەندە چېچىلاڭغۇلۇق ئىللەتى بار، مەن ئۆزەمگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، چېچىلاڭغۇلۇقنى تۈگىتىپ، پارتىيىگە كىرىشكە تىرىشىمەن». ساۋاقداشلارنىڭ سۆھبەت يىغىنى توغرىسىدىكى قىزغىن ئىنكاسلىرى پارتىيە ئەزالىرىنىمۇ تەربىيىگە ئىگە قىلدى، ئۇلار بۇندىن كېيىن ئامما بىلەن تېخىمۇ قويۇق مۇناسىۋەت باغلاپ، ئۆزلىرىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، پارتىيە ۋە خەلق ئېھتىياجىغا ھەقىقىي ئۇيغۇنلىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

ۋاڭ يېفاڭ

* * *

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاشلىق ساقلاش - توشۇش شىركىتىنىڭ پېشقەدەم كادىرى، كومپارتىيە ئەزاسى قاۋۇل توختى شىركەتنىڭ ئارقا سەپ تەمىنات خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئۈچ يىلدىن بۇيان ئۇدا شىركەت بويىچە مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى بولۇپ باھالىنىپ كەلدى. بۇلتۇر ئۇ يەنە شىركەت بويىچە

شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنى پارتكومى

ئوقۇغۇچىلاردىن پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىشقا ئەھمىيەت بەردى

يېڭى قان

ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز موللام سابىت خەۋەر قىلىدۇ: شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنى پارتكومى ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىكى ئاۋانگارتلارنى پارتىيىگە قوبۇل قىلىشقا ئەھمىيەت بەردى.

ھەر قايسى پاكۇلتېت پارتىيە گۇرۇپپىلىرى ئۆتكەن يىلدىن بۇيان، پارتىيىگە كىرىشكە ئىلتىماس يازغان ئوقۇغۇچىلارنى ھەپتىدە بىر كۈن پارتىيە نىزامنامىسى، پارتىيە قۇرۇلۇشىغا دائىر ھۆججەتلەرنى ئۆگىنىشكە، «سىز نېمە ئۈچۈن پارتىيىگە كىرىسىز؟» دېگەن تېمىدا تەسىرات سۆزلەشكە؛ پارتىيە نىزامنامىسىنى ئۆگىنىش بويىچە زېھىن سىناش مۇسابىقىسىگە ئۇيۇشتۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ پارتىيىگە بولغان تونۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇردى. پارتىيىگە كىرىش شەرتىنى ھازىرلىغان ئوقۇغۇچىلارنى ۋاقتىدا پارتىيىگە قوبۇل قىلدى. ئۆتكەن يىلدىن ھازىرغىچە، مەكتەپ بويىچە 195 نەپەر ئوقۇغۇچى پارتىيىگە قوبۇل قىلىندى.



قەشقەر كونىشەھەر ناھىيە ئوپال يېزىلىق ئېلېكتر ئىستانسىنىڭ تېخنىك ئىشچىسى، كومپارتىيە ئەزاسى، ئىمام ئۆمەر خىزمەتكە قاتناشقان 15 يىلدىن بۇيان، ئۆز كەسپىنى قىزغىن سۆيۈپ، توك يوللىرىدا كاشىلا چىققان ھامان، دەرھال رېمونت قىلىپ، توك يولىنىڭ راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، رەھبەرلىك ۋە ئاممىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشىپ كەلدى.

سۈرەتتە: ئۇ، توك يولىنى رېمونت قىلماقتا.

ئەمەتجان مەھەممەت ئىمىن فوتوسى

* * *

كومپارتىيە ئەزالىرىدا بولۇشقا تېگىشلىك ئېسىل پەزىلەت

خېجىڭ ناھىيىلىك 2- ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىسى، كومپارتىيە ئەزاسى تۇردى ھەسەن بۇ يىل 8-ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدا تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن كورلا شەھىرىگە كەلگەنىدى. ئۇ، يولدا كېتىۋېتىپ، يول ياقىسىدا چۈشۈپ قالغان بىر پارچە قەغەزنى چېلىقتۇردى. ئۇ، قەغەزنى قولىغا ئېلىپ قارىسا، 16مىڭ 404 يۈەن پۇلنىڭ چېكى ئىكەن. تۇردى ھەسەن دەرھال ئوبلاستلىق ج خ ئىدارىسىگە بېرىپ، چەكنى تاپشۇرۇپ بەردى. ج خ ئىدارىسى سۈرۈشتۈرۈپ، پۇل چېكىنى ياۋگاڭ پولات- تۆمۈر زاۋۇتى خېجىڭ ناھىيە بالغۇنتاي رايونلۇق شۆبە زاۋۇتىنىڭ كورلا شەھىرىدىكى ماگىزىنىنىڭ كاسسىرى ئېھتىياتسىزلىقتىن چۈشۈرۈپ قويغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقتى ۋە چەكنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بەردى. بالغۇنتاي شۆبە زاۋۇت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ مەسئۇللىرى بۇ مۇناسىۋەت بىلەن، ناھىيىلىك 2- ئوتتۇرا مەكتەپكە بېرىپ، مەكتەپ پارتىيە ياچېيكىسىغا «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، بىرلىكتە يېڭى ئىستېل يارىتايلى» دېگەن خەت يېزىلغان لەۋھە، رەھمەت خېتى تەقدىم قىلدى. مەكتەپ پارتىيە ياچېيكىسى ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارنى پېشقەدەم ئوقۇتقۇچى تۇردى ھەسەننىڭ ئالىيجاناب پەزىلىتىدىن ئۆگىنىشكە چاقىردى.

تۇردى ئەبەيدۇللا

يەكەن ناھىيىلىك پارتكوم كادىرلار ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى 13 - قۇرۇلتاي ھۆججەتلىرىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇردى

يەكەن ناھىيىلىك پارتكوم 13 - قۇرۇلتاي يېپىلغاندىن كېيىنلا ناھىيىگە بىۋاسىتە

قىسىدا، ئاساسىي قاتلام پارتىيە ياچېيكىلىرى پارتىيە ئەزالىرى ۋە ئاممىنى پارتىيە 13-

كىلىلىك ھېس قىلىۋاتامسەن؟» دەپ سورىغىنىمدا، ئۇ: «ئۇنداق ئەمەس، پارتىيىگە كىرگەندىن كېيىن يۈك تېخىمۇ ئېغىرلىشىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. يەنە بىر ئوقۇغۇچى: «كومپارتىيە ئەزالىرى ھەممىلا

ئۇ يەنە شىركەت بويىچە ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەت ئاكتىپى، ئۈرۈمچى شەھىرى بويىچە ئارقا سەپ تەمىنات خىزمىتى ئىلغارى بولۇپ باھالاندى. ئۇ باشقۇرۇۋاتقان خوجىلىق بۆلۈم شەھەر بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئارقا سەپ تەمىناتى بويىچە ئىلغار ئورۇن، بۇ يىل ئاپتونوم رايونلۇق نازارەت دەرىجىلىك ئىدارىلەر بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى ۋە مۇكاپاتلاندى.



سۈرەتتە: قاۋۇل توختى (ئوتتۇردا) خىزمەتداشلىرى بىلەن خىزمەت ھەققىدە پىكىرلەشمەكتە.

ئۆز مۇخبىرىمىز ئۆركەش جاپپار خەۋىرى ۋە فوتوسى

* * *

دىي يېپىلغاندىن كېيىنلا ناھىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئىدارىلەر پارتكومى ۋە يېزىلىق پارتكوم شۇجىلىرىنىڭ يىغىنىنى ئېچىپ، ئۇلارنى كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى پارتىيە 13 - قۇرۇلتىيىنىڭ ھۆججەتلىرىنى ئۆگىنىشكە ئويۇشتۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلغان ۋە يەتتە ماددىلىق ئۆگىنىش پىلانى تۈزۈپ تارقاتقانىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇشى ئار-

رى پارتىيە ئەزالىرى ۋە ئاممىنى پارتىيە 13- قۇرۇلتىيىنىڭ ھۆججەتلىرىنى ئۆگىنىشكە ئويۇشتۇردى. ئۆگىنىش جەريانىدا ئۆز ئارا تەسىرات سۆزلەش، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ مۇزاكىرە قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلدى. بۇ ئارقىلىق، ھۆججەتلەرنىڭ روھىي ماھىيىتىنى چۈشىنىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈۋېلىش جەھەتتە دەسلەپكى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.

ئىبراھىم ئەيسا

* * *

ئىدىيىۋى سوھبەت

غەمخورلۇق قىلىش ھەققىدە

جيا شىنخۇا

ئاممىغا غەمخورلۇق قىلىش — يۇقىرى بىلەن تۆۋەننى يېقىنلاشتۇرۇشنىڭ، كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم شەكلى، پارتىيىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى.

ئاممىغا غەمخورلۇق قىلىش مول مەزمۇنغا ئىگە. ئۇ، ئاممىنىڭ تۇرمۇشى، خىزمەت، ئۆگىنىشىگە ۋە سىياسىي، ئىدىيە جەھەتتە ئىلگىرىلىشىگە غەمخورلۇق قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇزۇندىن بۇيان، بەزى رەھبىرىي كادىرلار ئاممىغا غەمخورلۇق قىلىشنىڭ مەنىسىنى تار دائىرىدە چۈشىنىپ، ئاساسىي قاتلامدا ئاممىغا تۇرمۇش جەھەتتىن غەمخورلۇق قىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالغان. بۇنداق غەمخورلۇق قىلىش يېڭى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ماسلىشالمايدۇ. رەھبىرىي كادىرلار ئاممىغا غەمخورلۇق قىلىشتا ئاممىنىڭ دەرت- ئەھۋالىغا يېتىشى، ئاممىنىڭ ئارزۇسى ۋە ئۈمىدىنى بىلىشى كېرەك. ئۇلار ئاممىدىن ھال-ئەھۋال سوراش بىلەنلا قالماي، ئاممىغا ماددىي، مەنىۋى جەھەتتىن ھەقىقىي غەمخورلۇق قىلىشى كېرەك. مۇنداق غەمخورلۇق ئەھمىيەتلىك بولىدۇ.

مەلۇم ئورۇندىكى بىر رەھبىرىي كادىرنىڭ خاتىرە دەپتىرىدە، ھەر بىر ئىشچى- خىزمەتچىنىڭ ئائىلە تۇرمۇشى، ئىقتىسادىي كىرىمى قاتارلىقلار خاتىرىلىنىپلا قالماستىن، ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ۋە نەتىجىلىرىمۇ خاتىرىلەنگەن. ئۇ، ئىشچى- خىزمەتچىلەردىن قانداق گېزىت- ژۇرناللارغا مۇشتىرى بولغانلىقىنىمۇ ئۇقۇشۇپ تۇرغان، ئۇلارنى ئىختىساس ئىگىسى بولۇشقا رىغبەتلەندۈرگەن. بۇنداق غەمخورلۇق قىلىش ئۇسۇلىنى تەشەببۇس قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

پارتىيە تۇرمۇشى

تويلۇقنى قايتۇرۇۋېتىش

ئۆز مۇخبىرىمىز جالۇجايىن

ئالتاي شەھىرىنىڭ ئالاقاق يېزىسىدىكى قازاق كومپارتىيە ئەزاسى مۇقاشنىڭ باشلامچىلىق بىلەن تويلۇقنى قايتۇرۇۋەتكەنلىكى دېھقان-چارۋىچىلار ئارىسىدا مەدھىيىلەنمەكتە.

مۇقاش ئالتاي شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ئالاقاق يېزىلىق سوت كوللېگىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى. ئۇ، بۇ يىل 4 - ئايدا چوڭ قىزىنى ياتلىق قىلماقچى بولغانىدى. قازاقلارنىڭ ئادىتى بويىچە ئوغۇل تەرەپ قىز تەرەپكە «خورجۇن»(تويلۇق) ئاپىرىپ، قىز تەرەپتىكىلەرنى تويغا تەكلىپ قىلاتتى. بىر كۈنى قۇدىسى مۇقاشقا كۈلۈپ تۇرۇپ:

—مەن سىزگە بەش ئات، بىر تېلېۋىزور، ئىككى ئۈنئالغۇ، 1000 يۈەن پۇل، سوكنو - سارجىدىن 15 كىيىملىك رەخت تەييارلاپ قويدۇم، — دەيدۇ.

مۇقاش بۇ يەتتە - سەككىز مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى تويلۇقنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كېتىدۇ، ئۇ شۇ يەردىلا گەپنى كېسىپ:

—ئۆيىمىزدە تېلېۋىزور، ئۈنئالغۇ، ۋېلسىپىت، ئات دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى تولۇق، بۇنداق نەرسىلەرنىڭ ماڭا لازىمى يوق، — دەيدۇ.

—قىزىڭىزنى بىزگە ياتلىق قىلغاندىكىن، تويلۇق ئالمىسىڭىز بولامدۇ؟ — دەپ تۇرۇۋالىدۇ قۇدىسى.

—بالىلار ئۆزلىرى كېلىشىپ ئۆي-ئوچاقلىق بولغاندىن كېيىن، بىزمۇ بىر ئائىلىنىڭ كىشىلىرى بولۇپ قالىمىز، تويلۇقنىڭ نېمە كېرىكى، — دەيدۇ مۇقاش. قۇدىسى يەنە:

—ئۆيىمىزدە بىر نەچچەيلەن ئىشلەيمىز، مال - چارۋىمىز، پۇلىمىز كۆپ، بۇنچىلىك تويلۇق ئالغانغا قىيىنىلىپ قالمايمىز، — دەپ، مۇقاشنىڭ تويلۇقنى قوبۇل قىلىشىنى ئۆتۈنۈپ تۇرۇۋالىدۇ، بۇ چاغدا مۇقاش چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

—«نىكاھ قانۇنى»دا نىكاھ ئەركىنلىكى بەلگىلەنگەن، ئەگەر ھەدەپ تويلۇققا زورلىساق، نىكاھ ئەركىنلىكىگە چات كېلىۋالغان، نىكاھ سودىسى قىلغان بولىمىز، مەن بىر كومپارتىيە ئەزاسى، ئەدلىيە كادىرى تۇرۇقلۇق بۇنداق قىلسام بولامدۇ؟!

قۇدىسى مۇقاشنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن تەسىرلىنىپ، قايىل بولىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، مۇقاش تويلۇقنى قايتۇرۇۋەتكەن بولسىمۇ، بۇ ئىش ئىنىسىنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمىگەن. ئىنىسى ئۇنىڭغا: «باشقىلارنىڭ قىزلىرى تويلۇق ئالدۇرسا، سەن تويلۇقسىز ئالماسلىق بولامدۇ؟» دەپ، ئاكىسىنىڭ تويلۇقنى قايتۇرۇۋەتكىنىگە ئۇنىماي تۇرۇۋالغان.

مۇقاش كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشتا باشلامچى بولۇشى لازىملىقىنى چۈشەندۈرۈپ، ئىنىسىغا تەربىيە بەرگەن. ئىنىسى «ئازراق بولسىمۇ تويلۇق ئالساق بولمامدۇ» دېگەندە، مۇقاش ھېچنېمە ئالماسلىق پىكرىدە چىڭ تۇرغان. مۇقاشنىڭ قايتا - قايتا خىزمەت ئىشلىشى نەتىجىسىدە ئاخىر ئىنىسىمۇ ئاكىسىنىڭ پىكرىگە قوشۇلغان.

تويىنى پۈتتۈشىدىغان كۈنى ئوغۇل تەرەپ بىر نەچچە ئارغىماقنى توقۇپ تەييارلاپ، قىز تەرەپنى مېھمانغا تەكلىپ قىلغان. مۇقاش:

— ئۆيىمىز شۇنچە يېقىن تۇرسا، ئات مىنىپ بېرىپ نېمە قىلىمىز، — دېگەن. مۇقاش مېھمانلارنى باشلاپ كەلگەندە، قۇدىسى بىر بورداق قوي سويۇپ، ئۇلارنى چىرايلىق مېھمان قىلغان. ئۇلار خۇشال - خورام مېھمان بولۇشۇپ، توي ئىشىنى بىرلىكتە بېكىتكە

پەيزاۋات ناھىيە غولتوغراق يېزىلىق ئامانەت- قەرز كوپېراتىپىنىڭ كادىرى، كومپارتىيە ئەزاسى روزى يۈسۈپ خىزمەتكە قاتناشقان 20 يىلدىن بۇيان، ئامانەت پۇل توپلاش ۋەزىپىسىنى ھەر يىلى ئاشۇرۇپ ئورۇنداپ، ناھىيە، ۋىلايەت بويىچە ئىلغار بولۇپ كەلدى ۋە 1986-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «مەدەنىيەتلىك خادىم» بولۇپ مۇكاپاتلاندى. ئۇ، بۇ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە غولتوغراق يېزىسى ۋە شېكەر كۆل بازىرى قاتارلىق جايلاردا 263 مىڭ يۈەن ئامانەت پۇل توپلاپ، يىللىق ئامانەت پۇل توپلاش ۋەزىپىسىنى مۇددەتتىن 95 كۈن بۇرۇن ئاشۇرۇپ ئورۇندىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ 324 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقاتتى، 106 مىڭ يۈەن قەرز پۇل يىغىۋالدى. بۇنى ئۆتكەن يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىگە سېلىشتۇرغاندا، ئايرىم - ئايرىم ھالدا 94%، 51 مىڭ يۈەن ئارتۇق.

سۈرەتتە: روزى يۈسۈپ خىزمەت ئۈستىدە.

رىشىت مامۇت فوتوسى

تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىمىزنىڭ ئاخبارات باياناتچىسى شاھزادە سىھانوك بىلەن خۇكسىننىڭ ئۇچراشقانلىقىغا باھا بەردى

شىنخۇاشې، بېيجىڭ، 6 - دېكابىر خەۋىرى. تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىمىزنىڭ ئاخبارات باياناتچىسى بۈگۈن مۇخبىرلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو شاھزادە سىھانوكنىڭ كامبودژا مەسىلىسىنى سىياسىي يول بىلەن ئادىل، مۇۋاپىق ھەل قىلىش يولىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىغا ئىزچىل ھۆرمەت قىلىپ كەلدى ۋە ئۇنى قوللاپ كەلدى.

باياناتچى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شاھزادە سىھانوك بىلەن خۇكسىننىڭ ئۇچرىشىشىغا قانداق باھا بېرىدىغانلىقى توغرىسىدىكى سوئالغا جاۋاب بەرگەندە يۇقىرىقى سۆزنى قىلدى.

بۇ يەنە مۇنداق دېدى: جۇڭگو تەرەپ ئىزچىل تۈردە مۇنداق دەپ قاراپ كەلدى: «كامبودژا مەسىلىسىنى سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى ۋيېتنامنىڭ كامبودژىدىن بارلىق قوشۇنلىرىنى ئىمكانقەدەر تېز ۋە تامامەن ئېلىپ چىقىپ كېتىشىدە.»

سۆڭ شۇاڭ زۇڭلى جۇڭگولۇق مۇخبىرلارغا سۆھبەت بايان قىلىپ مۇنداق دېدى:

كامبودژا خەلقى ۋيېتنام قوشۇنلىرى پۈتۈنلەي چىقىپ كەتكىنگە قەدەر داۋاملىق كۆرەش قىلىدۇ

شىنخۇاشې، پارىژ، 5- دېكابىر تېلېگراممىسى. دېموكراتىك كامبودژا بىرلەشمە ھۆكۈمىتىنىڭ زۇڭلىسى سۆڭ شۇاڭ ئەپەندى بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن پارىژدىكى ئۆيىدە «خەلق گېزىتى»ۋە شىنخۇاشېنىڭ پارىژدا تۇرۇشلۇق مۇخبىرلىرىغا سۆھبەت بايان قىلغاندا، ئۆزى رەھبەرلىك قىلغان كىخمېر خەلق مىللىي ئازادلىق فرونتى بىرلەشمە ھۆكۈمىتىدىكى باشقا ئىككى تەرەپ بىلەن بىللە كامبودژا ئۇرۇش مەيدانىدا ۋيېتنامغا تېخىمۇ قاتتىق بېسىم ئىشلىتىپ، ۋيېتنامنى قوشۇنلىرىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىش توغرىسىدا ئېنىق ۋەدە بېرىشكە مەجبۇر قىلىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى.

سۆڭ شۇاڭ زۇڭلى مۇنداق دېدى: ھازىرۋيېتنام قاتتىمۇ قات قىيىنچىلىق ئىچىدە قالدى. كامبودژا خەلقى ۋيېتنامنىڭ ئۆز زېمىنىنى ئىشغال قىلىۋېلىشىغا چىداپ تۇرالمايدۇ. ئۇلار ۋيېتنامنىڭ كامبودژىدا «ۋيېتناملاشتۇرۇش» نى يولغا قويۇۋاتقانلىقىنى ئېنىق كۆردى. ئۇ مۇنداق دېدى: كامبودژا خەلقى داۋاملىق كۆرەش قىلىشى، ۋيېتنام قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇنى خەلقئارا سۆھبەتكە قاتنىشىشقا، كامبودژىدىن بارلىق قوشۇنلىرىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇرلىشى كېرەك.

ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ۋيېتنام كىشىلەرنى كامبودژا ئۇرۇشى ۋيېتنامنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى ئەمەس، بەلكى ئىچكى ئۇرۇش ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرمەكچى، شۇنداق قىلىپ، خەن ساڭلىن قورچاق ھاكىمىيىتىنى قانۇنىيلاشتۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ. خەلقئارا جامائەتچىلىك ۋيېتنامنىڭ بۇنداق ھىيلە- نەيرەڭىدىن قايمۇقۇپ قالماسلىقى كېرەك.



جۇڭگونىڭ سەنئەت بۇيۇملىرى پولشىدا

پولشا خەلقى 13- ئەسىردىلا جۇڭگو بىلەن دوستانە بېرىش- كېلىش قىلىشقا باشلىغان. جۇڭگونىڭ سىتىمن ۋە فارفۇردىن ياسالغان نەپىس بۇيۇملىرى شۇ ۋاقىتتا پولشاغا كەلتۈرۈلگەن. ئاقسۆڭەكلەر بۇ بۇيۇملارنى ئەتىۋارلاپ ساقلىغان. ھازىر پولشىنىڭ بەزى مۇزېيلىرىدا جۇڭگونىڭ قەدىمكى ۋە يېقىنقى دەۋرلەردىكى نەپىس بۇيۇملىرى ساقلانماقتا.

سۈرەتتە: ۋارشاۋادىكى دۆلەت مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان جۇڭگونىڭ سىتىمن ۋە فارفۇردىن ياسالغان بۇيۇملىرى.

(شىنخۇاشې)

جۇڭگونىڭ 23 نەپەر دېڭىز خادىمى ئىسپانىيىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى دېڭىزدا قازا تاپتى

شىنخۇاشې، مادرىد، 5 - دېكابىر تېلېگراممىسى. پانامانىڭ دۆلەت بايرىقىنى ئاسقان «كاسون»ناملىق يۈك پاراخوتى بۈگۈن ئەتىگەندە ئىسپانىيىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى دېڭىز بويىنىڭ فىنىستېر رايونىغا تەخمىنەن 15 ئېنگلىز ميلى كېلىدىغان جايدا چۆكۈپ كەتتى. پاراخوتتىكى 23 نەپەر جۇڭگولۇق پاراخوت خادىمى ھاياتىدىن ئايرىلدى، بىر كىشى يوقالدى، يەتتە كىشى قۇتقۇزۇۋېلىندى.

«كاسون» نامىلىق يۈك پاراخوتىدىكى 31 نەپەر پاراخوت خادىمىنىڭ ھەممىسى جۇڭگولۇق ئىدى.

ۋەقەدىن كېيىن، ئىسپانىيە دائىرىلىرى بۇنىڭغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى، ئىسپانىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى جۇڭگونىڭ ئىسپانىيىدىكى باش ئەلچىخانىسىغا بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىگە ھەممە جەھەتتە قولايلىق يارىتىپ بېرىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

* * *

شاھزادە سىھانوك خۇكسىن بىلەن كۆرۈشۈشنى ئاخىرلاشتۇردى

شىنخۇاشې، فېرئانتادنوۋا (فرانسىيە)، 4- دېكابىر تېلېگراممىسى. دېموكراتىك كامبودژىنىڭ رەئىسى شاھزادە نورودوم سىھانوكنىڭ جىنبيەن قورچاق ھاكىمىيىتىنىڭ باشلىقى خۇكسىن بىلەن خۇسۇسىي ئۇچرىشىشى بۈگۈن چۈشتىن كېيىن فرانسىيىنىڭ شىمالىدىكى شەھەر فېرئانتادنوۋادا ئاخىرلاشتى.

سىھانوكنىڭ بۈگۈن مەتبۇئات ساھەسىدىكىلەرگە تارقاتقان ئەسلەتمىسىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: تۆنۈگۈنكى ئۇچرىشىشتا سىھانوك خۇكسىنغا مۇنداق دېدى: دېموكراتىك كامبودژا ھۆكۈمىتى جىنبيەن قورچاق ھاكىمىيىتى بىلەن ۋيېتنام ئىمزالىغان كامبودژا چېگرىسى ۋە دېڭىز بويلىرىدىكى ئاراللار مەسىلىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كېلىشىم، شەرتنامىلەرنى مەڭگۈ ئېتىراپ قىلمايدۇ. كامبودژىدا تۆت تەرەپ بىرلەشمە ھۆكۈمىتى قۇرۇلغان ھامان، بۇ كېلىشىم ۋە شەرتنامىنىڭ كۈچكە ئىگە ئەمەسلىكى، بىكار قىلىنغانلىقى رەسمىي جاكالىنىدۇ.

سىھانوك جىنبيەن قورچاق ھاكىمىيىتىدىن تايلاندتىن كامبودژىغا قايتىپ كەلگەن كىخمېر مۇساپىرلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشنى، جىنبيەن ھاكىمىيىتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا زىيانكەشلىك قىلىدىغان، بىگۇناھ كىخمېر خەلقىگە زىيانكەشلىك قىلىدىغان ھەرىكەتلەرنى توختىتىشنى تەلەپ قىلدى. خۇكسىن بۇنى ئاقلاپ، بۇنداق ئەھۋالنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلدى.

ۋۆكېبىدىكى قەدىمكى ئاسارە ئەتىقىلەرنى مۇھاپىزەت قىلىش مەسىلىسىدە، ب د ت مائارىپ، ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتى قاتارلىقلارنىڭ ياردىمىدە رېمونت قىلىشقا پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈن، سىھانوك ۋۆكېبىدىكى قەدىمكى ئۈڭكۈر رايونىنى بىتەرەپلەشتۈرۈش ۋە ھەربىيسىزلەشتۈرۈش تەكلىپىنى بەردى، لېكىن بۇ تەكلىپ خۇكسىن تەرىپىدىن رەت قىلىندى.

* * *

مېسنېر ئومۇمىي خەلق ھۆكۈم قىلىشنىڭ نەتىجىسى ئىسلاھاتنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئىسپاتلىدى، دەپ ھېسابلىدى

شىنخۇاشې، ۋارشاۋا، 4- دېكابىر تېلېگراممىسى. پولشا زۇڭلىسى مېسنېر تەكىتلەپ مۇنداق كۆرسەتتى: بۇنىڭدىن بىر قانچە كۈن ئىلگىرى ئېلىپ بېرىلغان ئومۇمىي خەلق ھۆكۈم قىلىش «ئىقتىسادىمىزنىڭ خاراكتېرى ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمىش ئەندىزىنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئىسپاتلىدى».

بۇ، پولشا ھۆكۈمىتى

ھۆكۈم قىلىشتىن كېيىن تۇنجى قېتىم ئومۇمىي خەلق ھۆكۈم قىلىش نەتىجىسى ھەققىدە كۆز قارىشىنى بىلدۈرۈشى.

11 - ئاينىڭ 29 - كۈنى پولشا ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى ئېنىز، ئۇزۇل - كې-

ياسىي تۇرمۇشنى دېموكراتىيىلەشتۈرۈش زۆرۈرمۇ - زۆرۈر ئەمەسمۇ؟ دېگەن مەسىلىنى پۇقرالارنىڭ ئاۋاز بېرىشىگە قويدى. ئاۋاز بەرگۈچىلەرنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى قوشۇلىدىغانلىقىنى بىل-

ئاۋاز بەرگۈچىلەر پۈتكۈل سايلىغۇچىلار سانىنىڭ يېرىمىغا يەتمىدى.

پولشا زۇڭلىسى تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: لېكىن، ئالدى بىلەن، پولشا جەمئىيىتىدىكى زور كۆپچىلىك ئاممىنىڭ، جەمئىيەتتىكى ئۆز پىكرىنى بايان قىلالايدىغان پائالىيەتچان كىشىلەرنىڭ ئىسلاھاتنى قوللىغانلىقىنى مۇئەييەن-

* * *

△ ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسىگە ئەزادۆلەتلەرنىڭ باشلىقلار يىغىنى مۇشۇئاينىڭ5-كۈنى كوپېنھاگېندا ئاخىر-

خەۋەردىكە قارىغاندا، ب د ت نىڭ سابىق باش كاتىپى، ئاۋستىرىيىنىڭ ھازىرقى زۇڭتۇڭى كورد ۋالد ھېيم-

خەلقئارا قىسقا خەۋەرلەر

△ نىكاراگۇئا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى مۇشۇ ئاينىڭ 5-كۈنى، ئامېرىكىنىڭ نىكاراگۇئادىكى ئەلچىخانىسىنىڭ نىكاراگۇئا ئەمەلدارلىرىغا چېگرىدىن كىرىش ۋىزىسى بېرىشنى رەت قىلغانلىقىنى ئەيىبلىدى. نىكاراگۇئا ئەمەلدارلىرى ب د ت مۇساپىرلار ئىشلىرى بويىچە يۇقىرى دەرىجىلىك ۋالىيلارنىڭ خىزمەت يىغىنى ۋە ياۋروپا ئىقتىسادىي ئورتاق گەۋدىسى يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن ئامېرىكىغا بارماقچى ئىدى.

نىكاراگۇئا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ئاخبارات، تەشۋىقات مەسئۇلى مېسا يېدىس بورخ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئامېرىكىنىڭ نىكاراگۇئا ئەمەلدارلىرىغا چېگرىدىن كىرىش ۋىزىسى بېرىشنى رەت قىلغانلىقى ب د ت ئىمزالىغان كېلىشىمگە خىلاپ، نىكاراگۇئانىڭ ب د ت نىڭ پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىش ھوقۇقىغا زىيان يەتكۈزگەنلىك.

△ ئامېرىكا دېموكراتلار پارتىيىسىدىن بولغان كېڭەش پالاتاسى ئەزاسى كرىستوفېر دود باشچىلىقىدىكى ئامېرىكا كېڭەش پالاتاسى ۋەكىللەر ئۆمىكى زىيارەتتە بولۇش ئۈچۈن، مۇشۇ ئاينىڭ 5- كۈنى نىكاراگۇئانىڭ پايتەختى ماناگۇئاغا كەلدى. دود نىكاراگۇئا زۇڭتۇڭى ئورتېگا ۋە باش روھانى مېگېل ئوۋەندو بىلەن كۆرۈشۈپ، نىكاراگۇئا ھۆكۈمىتى بىلەن ئۆكتىچىلەرنىڭ مۇشۇ ئاينىڭ 4- كۈنى ئۆتكۈزگەن ئۇرۇش توختىتىش سۆھبىتىنىڭ نەتىجىسىنى ئىگىلەيدۇ.

ئەزادۆلەتلەرنىڭ باشلىقلار يىغىنى مۇشۇ ئاينىڭ 5-كۈنى كوپىنھاگېندا ئاخىرلاشتى. يىغىندا ماليە ۋە يېزا ئىگىلىكىنى ئىسلاھ قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەر ھەققىدە كېلىشىم ھاسىل قىلىنمىدى، ئورتاق گەۋدىنىڭ كېلەر يىللىق ماليە خام چوت لايىھىسىمۇ بېكىتىلمىدى.

لىيۇكسېمبورگ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ئوبزوردا مۇنداق دېيىلىدۇ: يىغىننىڭ نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەنلىكى ئورتاق گەۋدىدىكى ھەر قايسى ئەللەرنىڭ «دۆلەت مەنپەئەتپەرەسلىكىنى تۈگەتمەي، ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى ياۋروپا مەنپەئەتىنىڭ ئۈستىگە قويغان» لىقىدىن بولدى.

△ «نيۇ يورك ۋاقتى» گېزىتىنىڭ مۇشۇ ئاينىڭ 5- كۈنىدىكى

سابىق باش كاتىپى، ئاۋستىرىيىنىڭ ھازىرقى زۇڭتۇڭى كورد ۋارد ھېيىمنىڭ ئاۋستىرىيە ھۆكۈمىتىنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ ئۇيۇشتۇرغان خەلقئارا مۇتەخەسسىسلەر كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈشى ۋە ئۇنىڭ ئالاقىدار نەتىجىلىرى كېيىنكى ئايدا ئېلان قىلىنماقچىكەن.

ۋارد ھېيىم ئۆتكەن يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ناتسىستلارنىڭ قاتىللىق ھەرىكەتلىرىگە قاتناشقان دەپ ئەيىبلەنگەن، بىراق ئۇ، ناتسىستلارنىڭ ھەربىي تارماقلىرىدا ئىشلىگەندە، ھېچقانداق جىنايى ھەرىكەتلەرگە قاتناشمىغانلىقىنى ئېيتتى.

شىنخۇاشې

* * *

ھىندىستان ھاۋا ئارمىيىسى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ياسالغان «MG - 29» بەلگىلىك ئىككى جوگدۇي كۆرەشچى ئايروپىلاننى يېڭىدىن شتاتىغا كىرگۈزدى

شىنخۇاشې، يېڭى دېھلى، 6 - دېكابىر تېلېگراممىسى. ھىندىستان مەتبۇئات ئىدارىسىنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، ھىندىستان بۈگۈن سوۋېت ئىتتىپاقىدا ياسالغان «MG-29» بەلگىلىك ئىككى جوگدۇي كۆرەشچى ئايروپىلاننى پۇنادا تۇرۇشلۇق غەربىي جەنۇب ھاۋا ئارمىيىسى قىسىملىرى شتاتىغا رەسمىي كىرگۈزدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆز قوشۇنلىرىنى 1984 - يىلىدىن باشلاپ قوش ماتورلۇق، ھاۋانىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدىغان، توسۇپ زەربە بېرىدىغان بۇ خىل ئايروپىلان بىلەن قوراللاندۇرغانىدى، ئۇ، ھاۋادىن باشقۇرۇلىدىغان بومبىدىن تۆتنى ئېلىپ يۈرەلەيدۇ، ئۇنىڭغا يەنە رادارغا زەربە بېرىش سىستېمىسى، يېڭى شەكىلدىكى سانلىق مەلۇماتلارنى تارقىتىش سىستېمىسى ۋە نىشان ئىزدەش، ئىز قوغلاش قۇرۇلمىسى قاتارلىقلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

ھىندىستان سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قالسىلا دۇنيادا «MG - 29» بەلگىلىك ئايروپىلاننى تۇنجى قېتىم ھاۋا ئارمىيىسى قىسىملىرى شتاتىغا كىرگۈزگەن دۆلەت. بۇ قېتىم ھىندىستان «MG - 29» بەلگىلىك كۆرەشچى ئايروپىلاندىن 11نى ھاۋا ئارمىيىسى شتاتىغا كىرگۈزدى.

ئىسپاتلىدى،

ئۇ، پولشا ھۆكۈمىتى [illegible] تېز، ئۆزۈل - كې- قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلـ- قوللىغانلىقىنى مۇئەييەنـ-

باشلىقىنىڭ ئومۇمىي خەلق- -سىل ئىسلاھ قىلىش ۋە سى- -ۋەردى، بىراق، قوشۇلۇپ لەشتۈرۈش كېرەك؛

* * *

ئامېرىكا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى باشلىقلىرىنىڭ ئۇچرىشىشى ئامېرىكىدىكى ئىككى پارتىيە ئۈچۈن پايدىلىق

شىنخۇاشې، ۋاشىنگتون، 4- دېكابىر تېلېگراممىسى. «ۋاشىنگتون پوچتىسى» گېزىتى بۈگۈن مۇنۇلارنى خەۋەر قىلدى: ئۆتكۈزۈلۈش ئالدىدا تۇرغان ئامېرىكا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى باشلىقلىرىنىڭ ئۇچرىشىشى ئامېرىكا زۇڭتۇڭى رېگانغا ۋە مۇئاۋىن زۇڭتۇڭى بۇشقا ناھايىتى پايدىلىق، بىراق كەلگۈسىدىن ئېيتقاندا، دېموكراتلار پارتىيىسىمۇ بۇنىڭدىن پايدا ئالىدۇ.

بۇ گېزىت جۇمھۇرىيەتلەر پارتىيىسى ۋە دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ سىياسىي ساھەدىكى بەزى ئەرbablىرىنى زىيارەت قىلىپ مۇنداق خەۋەر قىلدى: باشلىقلار سۆھبىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولسا، زۇڭتۇڭ نامزاتلىرى ئىچىدە بۇش ئەڭ كۆپ پايدا ئالىدۇ. جۇمھۇرىيەتلەر پارتىيىسىدىن بولغان ئالتە نەپەر زۇڭتۇڭ نامزاتى ئىچىدە بۇشلا باشلىقلار ئۇچرىشىشىدا رەسمىي ئىمزالانغان ئوتتۇرا مۇساپىلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا شەرتنامىسىنى قەتئىي قوللايدۇ.

بۇ گېزىت مۇنداق خەۋەر قىلدى: باشلىقلار ئۇچرىشىشى رېگان زۇڭتۇڭ ئۈچۈنمۇ پايدىلىق. بۈگۈن ئېلان قىلىنغان «ۋاشىنگتون پوچتىسى» گېزىتىنىڭ بىر تەكشۈرۈشىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: 52% ئامېرىكىلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبا شەرتنامىسىنى قوللايدىكەن. 40% ئامېرىكىلىق ئانچە خەۋىرىمىز يوق، بىر نېمە دېيەلمەيمىز، دەيدىكەن. پەقەت سەككىز پىرسەنت ئامېرىكىلىق قارشى تۇرىدىكەن. بىر مۇنچە ئامېرىكىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇددىئاسىدىن قاتتىق گۇمانلانسىمۇ، بىراق، ئامېرىكىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئالاقىلىشىشنى ئۈمىد قىلىدىكەن.

سوۋېت ئىتتىپاقى باشلىقلار ئۇچرىشىشىغا ناھايىتى زور ئۈمىد باغلىماقتا

شىنخۇاشې، ۋاشىنگتون، 5 - دېكابىر تېلېگراممىسى. سوۋېت ئىتتىپاقى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ باياناتچىسى گراسىموۋ بۈگۈن ئامېرىكا سىملىق رادىئو شىركىتى مۇخبىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا، موسكۋا كېلەر ھەپتىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان ئامېرىكا-سوۋېت باشلىقلىرى ئۇچرىشىشىنىڭ نەتىجىسىگە «ناھايىتى زور ئۈمىد باغلىماقتا» دېدى.

گراسىموۋ مۇنداق دېدى: ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى ئوتتۇرا مۇساپىلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا شەرتنامىسىنى ئىمزالىغاندىن باشقا، بەزى يېتەكچى پرىنسىپلارنى مۇزاكىرە قىلىدۇ، ئىككى دۆلەتنىڭ سۆھبەت ۋەكىللىرى ستراتېگىيىلىك قوراللارنىڭ 50 پىرسەنتىنى قىسقارتىش شەرتنامىسىنىڭ كۆپىيىسىنى تەييارلايدۇ.

ئۇ قىياس قىلىپ مۇنداق دېدى: سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ئامېرىكا «سىياسىي سەممىيەت» بىلەن ئىش كۆرىدىغان بولسا، ئىككى دۆلەت رەھبەرلىرى كېلەر يىلى موسكۋادا ئۇچراشقاندا، ستراتېگىيىلىك قوراللارنى ئازايتىش شەرتنامىسىنى ئىمزالىشى مۇمكىن.

ئىككى تەرەپ 1972 - يىلى ئىمزالىغان زەمبىرەك ئوقىسىمان ئۇچىدىغان باشقۇرۇلىدىغان بومبىنى چەكلەش شەرتنامىسىنى ھەر خىل ئىزاھلاۋاتىدۇ. بۇ، ستراتېگىيىلىك قوراللار سۆھبىتىدىكى توسالغۇ.

* * *

ئانگولانىڭ باش سەنئۇجاگى كۇبا قوشۇنلىرىنىڭ جەنۇبىي ئافرىقا قوشۇنلىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ قېلىش مۇمكىنلىكىنى بىلدۈردى

شىنخۇاشې، دۇئاندا، 4- دېكابىر تېلېگراممىسى. ئانگولا قوراللىق قىسىملىرىنىڭ باش سەنئۇجاگى فېلانكا مۇشۇ ئاينىڭ 3- كۈنى زۇئاندادا مۇزامبىك ۋە يۇگوسلاۋىيە مۇخبىرلىرى بىلەن كۆرۈشكەندە مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ئانگولا قوراللىق قىسىملىرى ھازىر ئانگولانىڭ جەنۇبىي قىسمىغا تاجاۋۇز قىلماقچى بولۇۋاتقان جەنۇبىي ئافرىقا قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىق كۆرمەكتە. «ئانگولا قوراللىق قىسىملىرى يالغۇز ئۇرۇش قىلالماسلىقى مۇمكىن، «كۇبا قوشۇنلىرى بىلەن جەنۇبىي ئافرىقا قوشۇنلىرىنىڭ ئۇرۇشۇپ قېلىش ئېھتىماللىقىمۇ يوق ئەمەس.»

ئانگولا دۆلەت ئاخبارات ئاگېنتلىقى بۈگۈن ئانگولا باش سەنئۇجاڭنىڭ بۇ قېتىمقى سۆھبىتىنى خەۋەر قىلدى. فىلانكا مۇنداق دېدى: جەنۇبىي ئافرىقا قوشۇنلىرى ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ قارارىدا بەلگىلەنگەن 12- ئاينىڭ 10- كۈنىدىن ئىلگىرى ئانگولانىڭ جەنۇبىي قىسمىدىن قوشۇنلىرىنى ئېلىپ چىقىپ كەتمەيدىغان بولسا، ئانگولا قوراللىق قىسىملىرى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھەرىكەت قوللىنىدۇ.

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى، تېلېفون باش ئاپپاراتى: 42711، 42712، 42722، 42723، 42733، 42734، ئېلان بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 42840، تېلېگراف نومۇرى: 5028، گېزىتنىڭ ئايلىق باھاسى: 1.50 يۈەن. پارچە باھاسى: بەش پۇڭ (گېزىتنىڭ ئىمزالاش نومۇرى: 1021)

شىنجاڭ گېزىتى

新 疆 日 报

(ۋاكالەت نومۇرى 1 — 57)

(维文)

1985 - يىل
دېكابىر
10
(سەيشەنبە)

ئۈرۈمچىدە: كۈندۈزى ۋە كېچىسى ھاۋا بۇلۇتلۇق بولۇپ، ئازراق قار ياغىدۇ، تېمپېراتۇرا 7°C - —11°C- بولىدۇ، 3 بال شامال چىقىدۇ.

ئۈرۈمچى شەھرىدە 1000 دىن ئارتۇق ياش ئىنقىلاۋىي تارىخىي شېئىر - ناخشا ئېيتىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ، «9 - دېكابىر» ھەركىتىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلىدى

ئۆز مۇخبىرىمىز ئازاتگۈل ئابدۇرېشىت خەۋەر قىلىدۇ: مۇشۇ ئاينىڭ 9 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى ۋە ئوقۇغۇچىلاردىن 1000 دىن ئارتۇق ياش ئۈرۈمچى تەنتەربىيە سارىيىدا ئىنقىلاۋىي تارىخىي شېئىر - ناخشا ئېيتىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ، «9 - دېكابىر» ھەركىتىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلىدى. شەھەرلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، شەھەرلىك ئىتتىپاق كومىتېتى، شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلار بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان بۇ پائالىيەتكە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى، پېشقەدەم قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرى ۋە پېشقەدەم كادىرلار تەكلىپ بىلەن قاتناشتى.

شەھەرلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى يولداش لى دېشەن سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: تارىخ بىزگە يۈكلىگەن ۋەزىپىنى ئەينى يىللاردىكى ياشلار ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋەزىپىسىگە سېلىشتۇرىدىغان بولساق، زور ئۆزگىرىش بارلىققا كەلدى. يېڭى تارىخىي شارائىتتا، «9 - دېكابىر» ھەركىتىنىڭ ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، جۇڭخۇانى گۈللەندۈرۈشىمىز؛ مەملىكىتىمىزنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، خەلقىمىزنى باياشات تۇرمۇشقا ئىگە قىلىش ئۈچۈن، جاپاغا چىداپ ئۆگىنىپ، تىرىشىپ ئىشلەپ، سىياسىي - ئىدىيىۋى سەۋىيىمىزنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ھەم قىزىللاشقان، ھەم ئىختىساسلاشقان تالانت ئىگىلىرىدىن بولۇشىمىز؛ ماركسىزمنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى ۋە ھازىرقى زامان پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرىنى تىرىشىپ ئىگىلەپ، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزاملىق يېڭى كىشىلەردىن بولۇشىمىز لازىم.

سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ياخشى ۋەزىيەتنى مۇستەھكەملەپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ،
سوتسىيالىستىك تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا يېڭى غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرەيلى

ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 4 - يىغىنى غەلىبىلىك يېپىلدى

ھامىدىن نىياز ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا، تۆمۈر داۋامەت ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى

لى جيايۈ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا، جېن يۈنخۇي، ماۋ دېخۇالار ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە سايلاندى

يېپىلىش مۇراسىمىغا يىغىننىڭ ئىجرائىيە رەئىسى ۋاڭ ئېنماۋ رىياسەتچىلىك قىلدى، ئاپتونوم رايونىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرىدىن سۇڭ خەنلياڭ قاتارلىق يولداشلار قاتناشتى

ئۆز مۇخبىرىمىز ئىمىن ئۆمەر خەۋەر قىلىدۇ: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنى بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ بارلىق كۈنتەرتىپلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلاپ، تۈنۈگۈن چۈشتىن كېيىن خەلق سارىيىدا غەلىبىلىك يېپىلدى. يىغىن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى، ئاپتونوم رايونلۇق 3 - نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 6 - ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشقا، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، بىر نىيەت - بىر مەقسەتتە تىرىشىپ ئىشلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى مۇستەھكەملەپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، سوتسىيالىستىك تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا يېڭى غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە چاقىردى.

يىغىننىڭ ئىجرائىيە رەئىسى ۋاڭ ئېنماۋ يېپىلىش مۇراسىمىغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

تۈنۈگۈنكى يىغىندا ئىجرائىيە رەئىسلەردىن تۆمۈر داۋامەت، سە[illegible]للايوپ، ياڭ يىچىڭ، زاھىر ساۋدانوپ، رېن گېيى، ئابلىز مۇھەممەدى، ماھىنۇر قاسىم، يۈجەنلىن، مەخسۇت تېيىپوپ، قۇسايىن سىيىتبايوپلار قاتناشتى.

ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى 649 كىشى بولۇپ، تۈنۈگۈنكى يىغىنغا 544 كىشى قاتناشتى، بۇ، قانۇندىكى بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن.

تۈنۈگۈنكى يىغىندا يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق، ھامىدىن نىياز ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا، تۆمۈر داۋامەت ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى؛ لى جيايۈ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا، جېن يۈنخۇي، ماۋ دېخۇا ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە؛ سۇڭ خەنلياڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىكىگە سايلاندى.

يىغىن ياڭ زېشىڭنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىق ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىش ھەققىدىكى ئىلتىماسىنى ماقۇللىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا يېڭىدىن سايلانغان ھامىدىن نىياز ۋە ئاپتونوم رايونىنىڭ



«9 - دېكابىر» ھەركىتىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن شىنجاڭ داشۆدە ناخشا ئېيتىش كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلدى

سۈرەتلىك خەۋەر

12 - ئاينىڭ 8 -، 9 - كۈنلىرى كەچتە شىنجاڭ داشۆ زالىدا مەكتەپ رەھبەرلىرى ۋە ھەر قايسى پاكولتېتتىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ قاتنىشىشى بىلەن تەنتەنىلىك ناخشا ئېيتىش كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلۈپ، «9 - دېكابىر» ھەركىتىنىڭ 50 يىللىقى خاتىرىلەندى.

بۇ قېتىمقى ناخشا ئېيتىش كېچىلىكىگە مەكتەپ رەھبەرلىرى، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ۋە شىنجاڭ داشۆ شۆبە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى قاتناشتى. ئۇلار «9 - دېكابىر» ھەركىتىنىڭ روھىنى چۆرىدىگەن ھالدا «جۇڭخۇانى گۈللەندۈرەيلى»، «پارتىزانلار ناخشىسى»، «ئەجداتلار ئىزىدىن»، «ئىتتىپاقلىق كۈچ»، «بىز ۋەتەننىڭ غۇنچىلىرى» قاتارلىق جۇشقۇن ناخشىلارنى ئېيتىپ، تاماشىبىنلار ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى.

شىنجاڭ داشۆ پارتكومىنىڭ شۇجىسى يولداش جاڭ ياڭ «9 - دېكابىر» ھەركىتىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش ناخشا ئېيتىش كېچىلىكىدە سۆز قىلدى. ئۇ، ئۆز سۆزىدە «9 - دېكابىر» ھەركىتىنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتىنى ئەسلەپ ئۆتۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دەۋرىمىز ياشلىرىدىن پارتىيىمىز ئەتراپىغا تېخىمۇ مۇستەھكەم ئۇيۇشۇپ، ۋەزىيەتنى توغرا تونۇپ، «9 - دېكابىر» ھەركىتىنىڭ روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق بىلەن قاتنىشىپ، جۇڭخۇانى گۈللەندۈرۈش ۋە شىنجاڭنى ئېچىش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشۇشنى ئۈمىد قىلدى.



تونوم رايونلۇق خەلق

* * *

سۈرەتتە: يىغىن زالىدىن
كۆرۈنۈش
ئۆز مۇخبىرىمىز
فەن خاۋ فوتوسى

مال باھاسىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، باھانىڭ ئۆسۈپ كېتىشىنى قاتتىق تىزگىنلەش لازىم

جاڭ سىشۈ ئاپتونوم رايونىنىڭ مال باھاسى، ئاشلىق، سودا ۋە سودا -سانائەت مەمۇرى باشقۇرۇش تارماقلىرىدىكى يولداشلار بىلەن بىرلىكتە، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى بىر قىسىم كۆكتات، گۆش دوكانلىرىنى تەكشۈردى

ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز خاۋ جىنيۇ خەۋەر قىلىدۇ: مال باھاسى مەسىلىسى دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ مۇقىم راۋاجلىنىشىغا، مىگلىغان، ئونمىگلىغان ئائىلىلەرنىڭ جانجان مەنپەئەتىگە ۋە جەمئىيەتنىڭ تىنچ بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلە، ئۇنىڭغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىش، ئۇنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، قاتتىق تىزگىنلەش لازىم. بۇ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جاڭ سىشۈنىڭ مۇشۇ ئاينىڭ 5- كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدە مال باھاسىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرگەن چاغدا قىلغان سۆزى.

مۇشۇ ئاينىڭ 5- كۈنى جاڭ سىشۈ ئاپتونوم رايونىنىڭ مال باھاسى، ئاشلىق، سودا ۋە سودا - سانائەت مەمۇرى باشقۇرۇش تارماقلىرىدىكى ئالاقىدار يولداشلار بىلەن بىرلىكتە، ئاممىنىڭ ئىنكاسى بىر قەدەر كۈچلۈك بولغان بەزى كۆكتات دۇكانلىرى، گۆش دۇكانلىرى، مېھمانخانا ۋە ئاشلىق سېتىش دۇكانلىرىنى تەكشۈردى. بۇنى كۆرگەن ئامما ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم رەھبەرلىرىنىڭ ئاساسىي قاتلام سودا دۇكانلىرىغا بېرىپ، مال باھاسىنى تەكشۈرگەنلىكىدىن ئىنتايىن خۇشال بولدى.

جۈگىدىن كوچىسىدىكى ئوندىن ئىشلىگەن يىمەكلىكلەرنى ساتىدىغان ئاشخانىنى تەكشۈرگەندە، ياغ نانىنىڭ ئېغىرلىقىنىڭ بەلگىلەنگەن ئۆلچەمگە يەتمەيدىغانلىقى سېزىلدى. جاڭ سىشۈ بۇ ئاشخانىدىكى يولداشلارغا مۇنداق دېدى: مال باھاسى مەسىلىسى دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ مۇقىم راۋاجلىنىشىغا، مىگلىغان-ئونمىگلىغان ئائىلىلەرنىڭ جانجان مەنپەئەتىگە ۋە جەمئىيەتنىڭ تىنچ بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلە. باھانى خالىغانچە ئۆستۈرۈۋېلىشقا، جىڭدا كەم بېرىپ ياكى خورۇچ - ماتېرىياللارنى قىسىپ قېلىپ، باھانى شەكلى ئۆزگەرگەن ھالدا ئۆستۈرۈۋېلىشقا بولمايدۇ. ئاشخانا ئۆز نامىنى چىقىرىش، ئابرۇي تېپىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن سان - سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىشى، مال باھاسىنى ئاكىلىق ھالدا دائىم تەكشۈرۈپ، سېزىلگەن مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا تۈزىتىپ تۇرۇشى لازىم.

ئەنمىگدىكى بىر كۆكتات دۇكىنىغا يېڭى كۆكتاتلار سېلىنغانلىقتىن، ئۇ ناھايىتى كۆپ خېرىدارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالغان ئىدى. جاڭ سىشۈ ئىچكىرىدىن يۆتكەپ كېلىنگەن تۇرۇپنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئالاقىدار تارماقلار بەلگىلىگەن پارچە سېتىش باھاسىدىن يۇقىرى ئىكەنلىكىنى ئۇققاندىن كېيىن، دۇكان مەسئۇلىغا: سىلەر ئىچكىرىدىن يېڭى كۆكتاتلارنى ئەكىلىپ، بازارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپسىلەر، ئامما سىلەرگە تەشەككۈر ئېيتىدۇ، لېكىن پۇل تاپىمىز دەپ باھانى ئۆس[illegible]ۋالساڭلار، ئۇ ھالدا دۆلەت ۋە خەلق ئالدىدا مەسئۇل بولمىغان بولىسىلەر، دېدى. جاڭ سىشۈ ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە «تۆت بولۇش» تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىدىيىسىنى ھەقىقىي تۇرغۇزۇشنى تەلەپ قىلدى.



ئۈرۈمچى ئاپتوموبىل ياساش، ئۆزگەرتىپ قوراشتۇرۇش زاۋۇتى بۇ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش پىلانىنى مۆددەتتىن ئىككى ئاي بۇرۇن ئاشۇرۇپ ئورۇنلىدى، پايدىنى 3 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈپ، ئۆتكەن يىلنىڭ شۇ مەزگىلدىكىدىن ئۈچ ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشۇردى.

ئۆز مۇخبىرىمىز
فەن خاۋ فوتوسى

سۈرەتتە: ناخشا ئېيتىش كېچىلىكىدىن كۆرۈنۈش.
ئۆز مۇخبىرىمىز ئەركىن جېلىل خەۋىرى، نىجات فوتوسى.

ن نىياز ۋە ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسلىكىگە يېڭىدىن سايلانغان تۆمۈر داۋامەت يىغىندا قىزغىن ئالقىش سادالىرى ئىچىدە سۆز قىلدى. ھامىدىن نىياز مۇنداق دېدى: ۋەكىللەر مېنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا سايلىدى، بۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ماڭا بىلدۈرگەن زور ئىشەنچىسى. ئۇ، خىزمەت جەريانىدا ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدوڭ ئىدىيەسىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىلىرىنى تىرىشىپ ئۆگىنىدىغانلىقىنى، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، كەمتەر، ئېھتىياتچان بولۇپ، دائىم خەلق ئاممىسىنىڭ پىكىر - تەلەپلىرىنى ئاڭلاپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

گوۋۇيۈەن مۇھاجىرلار ئىشخانىسى

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يەرتەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تەۋەلىرىگە 30 مىڭ يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى ئاجرىتىپ بەردى

يېقىندا، گوۋۇيۈەن مۇھاجىرلار ئىشخانىسى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۈلۈغچات ۋە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىرىدىكى يەرتەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تەۋەلىرىگە 30 مىڭ يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى ئاجرىتىپ بەردى.

بۇ يىل 8-ئاينىڭ 23 -كۈنى ئۈلۈغچات ۋە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىلىرىدە يەر تەۋرىگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مۇھاجىرلار ئىشخانىسى گوۋۇيۈەن مۇھاجىرلار ئىشخانىسىغا ئەھۋالىنى دوكلات قىلغان، گوۋۇيۈەن مۇھاجىرلار ئىشخانىسى خەت ئەۋەتىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان رايوندىكى ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تەۋەلىرىدىن ھال سورىغان ئىدى. ھازىر يەنە مەخسۇس پۇل ئاجرىتىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تەۋەلىرىنىڭ تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بەردى ھەمدە ئۇلارنى يەرلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، يۇرت - ماكانىنى يېڭىۋاشتىن گۈللەندۈرۈشكە چاقىردى. مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تەۋەلىرى بۇنىڭدىن زور ئىلھام ۋە تەربىيە ئېلىپ، تىرىشىپ ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بېرىشتەك ئەمەلىي ھەركىتى ئارقىلىق پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ غەمخورلۇقىغا جاۋاپ قايتۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

(ۋۇشەن)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنىنىڭ ئىسمايىل ئەھمەتنى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش توغرىسىدىكى قارارى

(1985 - يىل 12 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنىدا ماقۇللاندى)

ئىسمايىل ئەھمەت باشقا ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەنلىكى ئۈچۈن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 4 - يىغىنى ئىسمايىل ئەھمەتنى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشنى قارار قىلدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنىنىڭ تۆمۈر داۋامەتنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش توغرىسىدىكى قارارى

(1985 - يىل 12 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئاپتونومرايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنىدا ماقۇللاندى)

تۆمۈر داۋامەت باشقا ۋەزىپە ئۆتەيدىغانلىقى ئۈچۈن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنى تۆمۈر داۋامەتنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشنى قارار قىلدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 6- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4-يىغىنىنىڭ سۇڭ خەنلياڭنى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش توغرىسىدىكى قارارى

(1985- يىل 12- ئاينىڭ 8- كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 6- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4- يىغىنىدا ماقۇللاندى)

سۇڭ خەنلياڭ مەركىزىي كومىتېت تەرىپىدىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىلىقىغا تەيىنلەندى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ھاجىتى قالمىدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 6- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4- يىغىنى سۇڭ خەنلياڭنى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشنى قارار قىلدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنىنىڭ ياڭ زىشىڭنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىق ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىش ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلغانلىق توغرىسىدىكى قارارى

(1985 - يىل 12 -ئاينىڭ 9 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنىدا ماقۇللاندى)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونومرايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 4 - يىغىنى ياڭ زىشىڭنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىق ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىش ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىشنى قارار قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 4 - يىغىنى غەلىبىلىك يېپىلدى

(بېشى 1 - بەتتە)

خەلق ئاممىسىنىڭ دەرت- ئەھۋالىغا يېتىدىغانلىقى، خەلقنىڭ چاكىرى سۈپىتىدە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى، يولداش سۇڭ خەنلياڭ باشچىلىقىدىكى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ كونكرېت رەھبەرلىكىدە، يولداش ۋاڭ ئېنماۋ ۋە باشقا يولداشلارنىڭ قوللىشى ھەم ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن بىجانىدىل ئوبدان ئىشلەپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى باي- شى ئىشلەپ، خەلق ۋەكىللىرىنىڭ ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىزگە بىلدۈرگەن ئىشەنچىسىگە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ بىزگە بىلدۈرگەن ئىشەنچىسىگە جاۋاپ قايتۇرىمىز.

چۈشتىن كېيىن، يىغىن بارلىق كۈنتەرتىپلەرنى ئورۇنلاپ بولغاندىن كېيىن، ھەيۋەتلىك دۆلەت شېئىرى ساداسى ئىچىدە غەلىبىلىك يېپىلدى.

تۈنۈگۈن رەئىس سەھنىسىدىن ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك خەلق تەشكىلاتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، بەزى ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، خەلق ھۆكۈمىتى ۋە مەھكىمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى.

بۇ قېتىمقى يىغىن مەزگىلىدە يەنى 12 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە ھەيئەت رىياسىتىنىڭ 2 - قېتىملىق، 3 - قېتىملىق، 4 - قېتىملىق يىغىنلىرى چاقىرىلدى ۋە 2 - قېتىملىق، 3 - قېتىملىق چوڭ يىغىن ئېچىلدى. ھەيئەت رىياسىتىنىڭ 2 - قېتىملىق يىغىنىدا ئاپ- تورىغا قويۇلدى؛ ياڭ زىشىڭنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىق ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىش ھەققىدىكى ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىش ھەققىدىكى قارار (لايىھە) مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللاندى؛ ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنىنىڭ سايلام ئۆتكۈزۈش ۋە قارار ماقۇللاش چارىسى (لايىھە) ماقۇللاندى. ھەيئەت رىياسىتىنىڭ 3 - قېتىملىق يىغىنىدا نامزات ئىسملىكى بېكىتىلدى. ھەيئەت رىياسىتىنىڭ 4 -

خوتەن ۋىلايەتلىك دىخانچىلىق ماشىنىلىرى زاۋۇتىدا مەھسۇلات سۈپىتى چىڭ تۇتۇلماقتا

خوتەن ۋىلايەتلىك دىخانچىلىق ماشىنىلىرى زاۋۇتى مەھسۇلات سۈپىتىنى ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغىغانلىقتىن، مەھسۇلات سۈپىتى ياخشىلىنىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈم كۆرۈنەرلىك ئۆستى.

بۇ زاۋۇت بۇ يىل مەھسۇلات سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بەردى. زاۋۇت رەھبەرلىكى ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، نامۇۋاپىق قائىدە - تۈزۈملەرنى بىكار قىلىپ، مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھەق ھېساپلاش، مەھسۇلات سۈپىتىنى ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىشچىلارنى تېخنىكا ئېگىلاشقا پائال يېتەكلىدى. بۇ ئارقىلىق زاۋۇتتا ھەممە كىشى مەھسۇلات مىقدارىنى ئاشۇرۇش، سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش، چارە - تەدبىر ئويلاشتەك يېڭى كەيپىيات شەكىللەندى. نەتىجىدە ئىشچى - خىزمەتچىلەر تېخنىكىلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئىلگىرى ئىشلەنگەن ماشىنا - ئۈسكۈنىلەر ئاساسىدا، ئىش ئۈنۈمى بىر قەدەر يۇقىرى، خوتەننىڭ شارائىتىغا ماس كېلىدىغان دىخانچىلىق ماشىنا - ئۈسكۈنىلىرىنى ياساپ چىقتى. ئۇلار ئۆزگەرتىپ ياسىغان ئورۇق سېلىش ماشىنىسى، كىچىك تىراكتورغا چاتىدىغان ئىككى چىشلىق يەم-خەشەك ئۇششاقلاش ماشىنىسى ۋە بىر يېرىم تونىلىق، ئۈچ تونىلىق چاتما كوزۇپ قاتارلىقلار ئۆلچەمگە يېتىپ، خېرىدارلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. ئىشلەپچىقىرىلغان ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرنىڭ سېتىلىشى تېزلىشىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئۆستى. بۇ يىل 9 - ئايغىچە 80 مىڭ 339 يۈەن ساپ پايدا ئېلىنىپ، ئۆتكەن يىلى كۆرۈلگەن 48 مىڭ يۈەن زىياننىڭ ئورنى تولدۇرۇلدى.

جۇمەنىياز روزى

* * *

قۇمدەرۋازا باسما زاۋۇتىدا «تۆمۈر تاۋاق» چېقىۋېتىلگەندىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىش تېز يۈكسەلدى

قەشقەر شەھىرى قۇمدەرۋازا باسما زاۋۇتى تۈزۈلمە ئىسلاھاتى داۋامىدا، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ قولىدىكى «تۆمۈر تاۋاق» نى چېقىۋەتكەنلىكتىن، زاۋۇتنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى تېز يۈكسىلىپ، يۇقىرىغا تاپشۇرۇلىدىغان پايدا ئاشتى، ئىشچى خىزمەتچىلەرنىڭ كىرىمى كۆپەيدى.

بۇ زاۋۇت قەشقەر شەھەر قۇمدەرۋازا وچا ئىش باشقارمىسىدىكى كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى كارخانا بولۇپ، بىرنەچچە يىلدىن بۇيان تۇراقلىق ئىش ھەققى تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىلىرىنى تەستە ئورۇنلاپ كېلىۋاتقان ئىدى. بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، زاۋۇت رەھبەرلىكى كارخانىنىڭ ھاياتىي كۈچە- «تۆمۈر تاۋاق» ئۈزۈل كېسىل چېقىۋېتىلدى. بۇنىڭ بىلەن زاۋۇتتا بۇرۇنقىدەك ئىش كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان ئەھۋال تۈگىتىلىپ، ۋاقىت بىلەن ھېساپلاشماي، ئىش ئىزلەپ قىلىدىغان، ئىشلەپچىقىرىلىدىغان مەھسۇلاتنى ئىش ئىگىلىرىگە بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ياخشى ۋەزىيەت شەكىللەندى، مەھسۇلاتنىڭ تەننەرقى زور تۆۋەنلىدى. بىر دەپتەرنىڭ تەننەرقى ئىلگىرىدىكى 7 پۇڭدىن 6 پۇڭ 8 لىغا چۈشۈرۈلۈپ، زاۋۇتنىڭ خېرىدارى تېز كۆپەيدى. نەتىجىدە بۇ زاۋۇت 10-ئاينىڭ ئاخىرىغىچە بىر مىليون دانە دەپتەر، 3 مىليون دانىدىن ئارتۇق توي باغىقى بېسىپ سېتىش ۋە باشقا تۈرلۈك باسما ماتېرىياللارنى بېسىش

تېيىنىڭ، خەلقىنىڭ ۋە ۋەكىللەرنىڭ كۆتكەن سەمىمىي ئۈمىدىنى يەردە قويمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى (سۆزىنىڭ قىسقارتىلمىسى ئايرىم بېرىلىدۇ).

تۆمۈر داۋامەت مۇنداق دېدى: بايا سايلام نەتىجىسى ئېلان قىلىندى، مېنىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى بولىدىغانلىقىم، يولداش جىن يۈنخۇي ۋە يولداش ماۋدىخۇانىڭ ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولىدىغانلىقى بەلگىلەندى، بىز ئەسلىدىكى بىر قانچە مۇئاۋىن رەئىس بىلەن بىرلىكتە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلىدىغان بولدۇق. بۇ، ۋەكىللەرنىڭ ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىزگە ناھايىتى ئىشەنگەنلىكى ۋە مەدەت بەرگەنلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىز چوقۇم قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىش، ئەمەلىي ئىشنى كۆپ ئىشلەش روھىغا ئاساسەن، ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، خىزمەتلەرنى ياخ-

قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنى ھەيئەت رىياسەتى ئەزالىرىدىن جانابىل، ھامىدىن نىياز، بادەي، بەي چىڭمىڭ، تۇرسۇن ئاتاۋۇللا، ۋاڭ جېنۋېن، چېنشى، فۇ ۋېن، چى چېڭدې، لۇشۆبىڭ قاتارلىقلار ئورۇن ئالدى.

رەئىس سەھنىسىدىن ئورۇن ئالغانلار ئىچىدە يەنە ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرى ۋە سىياسىي كېڭەشنىڭ رەھبەرلىرىدىن سۇڭ خەنلياڭ، جاڭ سىشۇ، تاڭ گۇاڭسەي، شى كېڭ، لياڭ گويىڭ، فېڭ داجېن، قىدىر باي، ئىمىنوپ ھامۇت، ئىسمايىل ياسىنوپ، مېڭ شۇلىن، سىدىق مۇسايۇپ، فېڭدا، گۇگمىڭ جانىباچۇيرىم، قەمبەرخان ئەمەت، خېن يۇۋېن، مامىڭلياڭ، تاھىر مەمتىلى ۋە تەن شەنخې، ليۇزىمولار بار.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ بىر قىسىم ۋەكىللىرى، ئاپتونوم رايوندىكى بۆلۈم، كومىتېت ۋە خەلق

* * *



شىنجاڭ رەڭلىك مېتال شىركىتى ئاليۇمىن زاۋۇتى پىششىقلاپ ئىشلەش سېخىنىڭ سېلىمسارى تۇنىياز ئەسەت خىزمەتكە قاتناشقان 15 يىلدىن بۇيان، كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ۋەزىپىنى يىلمۇ - يىل ئاشۇرۇپ ئورۇنلاپ، سېخ ۋە زاۋۇت بويىچە ئون نەچچە قېتىم ئىلغار بولۇپ باھالىنىپ تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى.

سۈرەتتە: ئۇ، ئاليۇمىن سىم تارتىشتا ئىشلىتىلىدىغان قېلىپ ياسىماقتا.

جېلىل مۇھەممەت ئوتتۇسى

تونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىكى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىدىكى بەزى خادىملارنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش توغرىسىدىكى قارارى (لايىھە) ماقۇللاندى؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە كىردىغان ئەزالارنىڭ ۋە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا تولۇقلاپ سايلىنىدىغان ۋەكىلنىڭ نامزات ئىسىملىكى ئوت-

قېتىملىق يىغىندا تەييارلىق سايلام نەتىجىسى توغرىسىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە كىردىغانلارنىڭ ۋە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا تولۇقلاپ سايلىنىدىغان ۋەكىلنىڭ نامزات ئىسىملىكى بېكىتىلدى. 2 - قېتىملىق چوڭ يىغىن ۋە 3 - قېتىملىق چوڭ يىغىن ھەيئەت رىياسەتنىڭ ھەرقايسى يىغىنلىرىدا ماقۇللانغان قارار (لايىھە)نى تەكشۈرۈپ ماقۇللىدى.

نى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، تۈزۈلمىسىنى دادىل ئىسلاھ قىلدى. ئىككى نەپەر زاۋۇت باشلىقىنىڭ بىرى زاۋۇتنىڭ كۈندىلىك ۋە ئومۇمىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا، يەنە بىرى مال سېتىۋېلىش، بازار ئۇچۇرىنى ئىگەللەپ، زاۋۇتقا ئىش قوبۇل قىلىشقا مەسئۇل قىلىنىپ، ئەسلىدىكى بىر نەپەر ئىش قوبۇل قىلغۇچى تۆۋەنگە چۈشۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يىللىق، پەسىللىك، ئايلىق ئىشلەپچىقىرىش پىلانلىرى گۇرۇپپا، شەخسلەرگىچە ئەمەللەشتۈرۈلدى ھەمدە تىزراقلىق ئىش ھەققى تىزراقسىز ئىش ھەققىگە ئۆزگەرتىلىپ،

ئارقىلىق، ئومۇمىي كىرىمىنى 157 مىڭ 266 يۈەنگە، پايدىنى 25 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈپ، دۆلەتكە 8000 يۈەندىن كۆپرەك باج تاپشۇرۇپ، بۇ يىللىق ئومۇمىي كىرىم، پايدا، باج ۋەزىپىسىنى مۇددەتتىن ئىلگىرى، ئايرىم - ئايرىم ھالدا 7266 يۈەن، 13 مىڭ يۈەن ۋە 500 يۈەندىن كۆپرەك ئاشۇرۇپ ئورۇنلىدى. كىرىم ۋە پايدىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ھەربىر ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ ئايلىق ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى ئىلگىرىكى 50 يۈەندىن 80 يۈەنگە كۆتۈرۈلدى

مەھەممەت ئېلى ئابدۇراخمان

مەھەممەت رىشات تۇردى

ياش مالچى ئارا[illegible]ئۇزۇن سەپەر [illegible]بىدارى» دەپ نام ئالدى

خېجىڭ ناھىيە شىمالىي خارامۇدۇن يېزا شار مۇدۇن كەنت چارۋىچىلىق دۈيىدىكى ياش مالچى ئارا چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشقا قوشقان تۆھپىسى بىلەن «ئۇزۇن سەپەر زەربىدارى» دەپ نام ئالدى.

ئارا 1980 - يىلى 169 تۇياق ئىنچىكە يۇڭلۇق قوينى ھۆددىگە ئالغانىدى. ئۇ جاپاغا چىداپ ئىشلەپ، ئىلىم-پەنگە تايىنىش ئارقىلىق قويلارنى ياخشى باقتى. تۆل ئېلىش مەزگىلىدە مەخسۇس بىر ئۆيگەمە قويۇپ، كېچىلىرى ساغلىقلارنى تەكشۈرۈپ تۇردى، تۆللىگەن قويلارنى ۋە قوزىلارنى تولىمۇ ئاسراپ باقتى. شۇڭا، 1983- يىلى تۆللەرنىڭ قاتارغا قوشۇلۇش نىسبىتى 95 پىرسەنتكە يەتتى، 1984 - يىلى 195 پاخلاننى ئەي قىلىپ قاتارغا قوشتى. كوللېكتىپنىڭ چارۋا ماللىرىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئارانىڭ شەخسىي چارۋىسىمۇ 1980 - يىلدىكى 50 تۇياقتىن ھازىر 324 تۇياققا يەتتى، ئائىلە بويىچە چارۋىچىلىقتىن 11 مىڭ يۈەن كىرىم قىلدى. بۇ يىل 5 - ئايدا، ئارا شەرەپلىك ھالدا ئاپتونوم رايونلۇق ياشلار بىرلەشمىسى ۋەكىللەر يىغىنىغا قاتنىشىپ، ئاپتونوم رايونلۇق 5 - نۆۋەتلىك ياشلار بىرلەشمىسىنىڭ ھەيئەت ئەزالىقىغا سايلاندى، ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى ئاراغا «يېڭى ئۇزۇن سەپەر زەربىدارى» دەپ نام بەردى.

توختى موللا

يا[illegible] دىخان خەبەر جاپپار ياغاچچىلىق كارخانىسى قۇردى

روزى مەھەممەت مەتتوختى، توختى مەھەممەت نۇر مەھەممەتلەر خەۋەر قىلىدۇ: قارىقاش ناھىيىسىنىڭ تۇخۇلا يېزا بازاربويى كەنتىدىكى خەبەر جاپپار ناھىيە بازىرىدا ياغاچچىلىق كارخانىسى قۇرۇپ، خەلقنى ئۆي جاھازلىرى بىلەن تەمىنلىمەكتە.

ئۇ، بۇ كارخانىنى قۇرۇشتا ئالدى بىلەن خەنزۇ ئۇستا تەكلىپ قىلىپ، قېتىقىنىپ تېخنىكا ئۆگەندى. ئۇ كارخانا قۇرغان 1982 - يىلدىن بۇ يىل 7- ئايغىچە ئىستېمالچىلارنىڭ تەلىۋى بويىچە، يېڭى پوسۇندىكى چوڭ ئىشكاپ، يېزىق جوزىسى، كىتاب جازىسى، دىۋان قاتارلىق ئۆي جاھازلىرىنى ياساپ، ئىستېمالچىلارنىڭ تەلىۋىنى قاندۇردى ھەمدە 14 مىڭ يۈەن كىرىم قىلدى. ھازىر بۇ كارخانىدا 14 ئۇستا ۋە 11 شاگىرت ئىشلىمەكتە.

كېرىمجان ئۆز پۇلى بىلەن 5 سېمونت كۆرۈك ياسىدى

ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ ئازاق يېزا تۆۋەن ئىشتاچى كەنتىدىكى ئالدىن بېيىغان دىخان كېرىمجان مەھەممەت ئۆز پۇلى بىلەن بەش سېمونت كۆۋرۈك، 11 سېمونت توما ياساپ، ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

كېرىمجان ئەسلىدە يېزا قۇرۇلۇش دۈيىنىڭ تامچىسى ئىدى. ئۇ پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئائىلە قوشۇمچە كەسىپنى يولغا قويۇپ، ئىقتىسادىي ئوبوروتىنى 175 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزدى. ئۇ، ئۆتكەن يىل قىشتا سەككىز توننا كۆمۈر ئەكىلىپ، ئايشەم ئاللا بەردى، ئەنۋەر قاتارلىق 21 قىيىنچىلىقى بار ئائىلىگە ھەقسىز تارقىتىپ بەردى. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ يىل 11- ئايغىچە ئۇنىڭ باشقىلارغا ياردەم قىلغان پۇلى 5170 يۈەنگە يەتتى.

كېرىمجان ئۆزى بېيىغاندا كەنتى ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشنى كۆڭلىگە پۈكتى. ئۇ، بۇ يىل 3750 يۈەن مەبلەغ سېلىپ، كەنت ئىچىدىكى ئۈچ يولغا بەش سېمونت كۆۋرۈك، 11 سېمونت توما ياساپ، ئاممىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. كېرىمجان يەنە كەنت ئىچىدىكى ئىككى كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يولغا شېغىل ياتقۇزۇش تەييارلىقىنى كۆرۈپ قويدى. بۇنىڭدىن ئامما ئىنتايىن رازى بولدى.

ئېلى ھاجى راخمان

تۆھپىكارلار سېپىدە

تېرەم يېزىلىق خەلق دوختۇرخانىسى

باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، بىمارلار ئۈچۈن ياخشى خىزمەت قىلماقتا

يوپۇرغا ناھىيىسىدىكى تېرەم يېزىلىق خەلق دوختۇرخانىسى تۆرلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، داۋالاش شارائىتىنى ياخشىلاپ، بىمارلار ئۈچۈن ياخشى خىزمەت قىلماقتا.

بۇ دوختۇرخانا باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى تەدبىرلەرنى قوللاندى: 1) دوختۇرخانا رەھبەرلىكى ئالدى بىلەن ھەپتىدە ئۈچ سائەت سىياسىي ئۆگىنىشنى تۈزۈملەشتۈرۈپ، دوختۇر، سېستىرالارغا كوممۇنىستىك غايە، ئەخلاق - پەزىلەت تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، ئۇلاردا مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك خىزمەت قىلىش، بىمارلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇشتەك ياخشى ئىستىلنى يېتىشتۈردى. 2) دوختۇر - سېستىرالارنى قەرەللىك ھالدا كەسپىي ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇش، كەسپتە ئاجىزلارنى قىسقا مۇددەتلىك كۇرسلارغا ئەۋەتىپ تەربىيىلەش، پېشقەدەم دوختۇرلارغا شاگىرتلىققا بېرىش قاتارلىق يوللار بىلەن ئۇلارنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈردى. 3) خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى ھەر بىر كىشىگىچە ئەمەللەشتۈرۈپ، مۇكاپاتلاش - جازالاش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، كۆپ ئىشلىگەنلەر كۆپ ئېلىش، ئىشلىمىگەنلەر چىشلىمەسلىك پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇردى. 4) بار ئىمكانىيەتتىن تولۇق پايدىلىنىپ، قوساقنى ئوپېراتسىيە قىلىپ بالا ئېلىش، دوۋسۇندىكى تاشنى ئوپېراتسىيە قىلىش قاتارلىق خېلى مۇرەككەپ ئوپېراتسىيەلەرنىمۇ ئۆزلىرى ئىشلىدى، يېتىپ داۋالانغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. 5) داۋالاش كىرىم - چىقىم ۋەزىپىسىنى ھەرقايسى بۆلۈم - شۆبىلەرگىچە ئەمەللەشتۈرۈپ، نامۇۋاپىق چىقىملارنى ئازايتتى.

بۇ بىر قاتار تەدبىر قوللىنىلغاندىن كېيىن، دوختۇرخانىنىڭ خىزمەتلىرى يۈرۈشۈپ كەتتى. 11 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بۇ دوختۇرخانىنىڭ داۋالاش كىرىمى 13 مىڭ 700 يۈەنگە يەتتى.

سادىر سابىر

ھەمكارلىشىپ داۋالاش تۈزۈمىدىن ئامما رازى بولدى

پەيزىۋات ناھىيىسىدىكى قىزىلسۇ يېزىلىق خەلق دوختۇرخانىسى ھەمكارلىشىپ داۋالاش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، دېھقانلارنىڭ داۋالىنىشىغا ئاسانلىق يارىتىپ بەردى.

بۇ دوختۇرخانا بۇ يىل 14 مىڭ ئادەم-قېتىم كېسەل كۆرۈپ، 31 كەنتتىن 31 يېزا دوختۇرى، 12 تۇغۇت ئانىسىنى تىببىي تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەپ، پۈتۈن يېزىنىڭ داۋالاش شەرت - شارائىتىنىڭ ياخشىلىنىشىغا تېگىشلىك ھەسسە قوشتى.

ئەركىن ئەبەيدۇللا
ئەركىن قاسىم

چۈچەك شەھەر بولۇپ قۇرۇلغاندىن بۇيان، شەھەر قۇرۇلۇشى تېز ئېلىپ بېرىلدى. سۈرەتتە: يېڭى سېلىنغان، كۆلىمى بىر قەدەر چوڭ بول

كېسەللەرنىڭ غېمىنى يېيىش



پىچان ناھىيىسىدىكى لۈكچۈن بازارلىق خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى، مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى كېرەم ئابدىراخمان ھەمىشە ۋاقىت كېسەللەرنىڭ دەردىگە دەۋا، رەنجىگە شىپا بولۇپ، ئۇلارنىڭ پىكىر - تەلەپلىرىگە قۇلاق سېلىپ، ئامىمىنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشتى.

بۇ يىل يازلۇكچۈندە ھاۋا قاتتىق ئىسسىپ كېتىپ، كېسەللەر ياتاقتا توك شامالدۇرغۇچ ئورنىتىپ بېرىش تەلىپىنى قويغاندا، ئۇ دەرھال 15 توك شامالدۇرغۇچ ئەكېلىپ، ئورنىتىپ بەردى؛ كېسەللەر سۇ قىيىنچىلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، كېسەللەرنىڭ تۇرمۇشىغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بۇ ئىشقىمۇ جىددىي قاراپ، دوختۇرخانا قوراسىغا قۇدۇق كولاتقۇزۇپ بەردى.



سۈرەتتە: ئۇ، بوش ۋاقىتلىرىدا سۇ ئالغۇچىلارغا ياردەملىشىمەكتە.

سېيىتنىياز سايىم خەۋىرى ۋە فوتوسى

ياۋاغ خەلقىنىڭ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشتى

يېڭىسار ناھىيىسىدىكى ئۇچار يېزىسىنىڭ ياۋاغ كەنتى ناھىيە [illegible]دىن 17 كىلومېتىر، يېزا مەركىزىدىن 5 كىلومېتىر يىراقلىققا جايلاشقان. بۇ كەنتتىكى دېھقانلار ئۇزۇندىن بۇيان بۇ كەنتتە بىر دوختۇرخانىنىڭ بولۇشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلغانىدى. يېزىلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ۋە كەنت پارتىيە ياچېيكىسى دېھقانلارنىڭ بۇ ئارزۇسىغا ئاساسەن، ئۇلارنىڭ كېسەل كۆرسىتىش ۋە داۋالىنىش جەھەتتىكى قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بېرىش ئۈچۈن، 47 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ، بۇ [illegible]نتتە بىر دوختۇرخانا سالدى. بۇ دوختۇرخانىدا ئۈچ ئېغىز كېسەل كۆرۈش ئۆيى، 18 ئېغىز بالنىتسا، بىر ئاشخانا بولۇپ، دوختۇرخانا 11- ئايدىن ئېتىۋارەن رەسمىي ئېچىلدى. ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشقان ياۋاغ كەنتىدىكى دېھقانلار خۇشاللىق بىلەن بۇ دوختۇرخانىدا داۋالىنىشقا باشلىدى، ئىككى ھەپتە ۋاقىت ئىچىدىلا بۇ دوختۇرخانىغا كۆرۈنگەنلەر 250 تىن ئاشتى.

قادىر نىياز

* * *

قۇمۇل شەھەردە 19 ئورۇنغا «مەدەنىيەتلىك ئورۇن» دەپ نام بېرىلدى

يېقىندا قۇمۇل شەھەردە داغدۇغى «مەدەنىيەتلىك ئورۇن» دەپ نام

سەنئەت بېغىدىكى ياش ئىجاتكار

سىز شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئېكرانىغا ئېلىپ تارقاتقان «سەھرالىق كۆيۈنگۈل» نى كۆرگەنمۇ؟ بۇ تۆت كۆرۈنۈشلۈك درامىنى يوپۇرغا ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ياش ئىجادىيەتچىسى سايىت سادىق يازغان.

سايىت سادىق يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شېئىر، ھېكايە يېزىشتىن سەھنە ئەسەرلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئۆتتى. ئۇ 1982 - يىلىدىن ھازىرغىچە «دادىسى كەلگەندە»، «تۆھمەت قۇربانى»، «سەھرالىق كۆيۈنگۈل»، «بەرىكەت» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرىنى يېزىپ چىقتى. ئۇنىڭ شائىر تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ «تۆھمەت قۇربانى» دىگەن داستانىغا ئاساسەن ئۆزگەرتىپ يېزىپ چىققان شۇ ناملىق سەھنە ئەسىرى بىلەن ھازىرقى زامان يېزا تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان «سەھرالىق كۆيۈنگۈل» دىگەن سەھنە ئەسىرى قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلاردا 190 مەيداندىن ئارتۇق ئويۇنلىنىپ، تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

سايىت سادىق سەھنە ئەسەرلىرى ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت كۆرەكلىرىدە ئۈچ قېتىم مۇنەۋۋەر ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، ئۇ يازغان ئون نەچچە نومۇر ئايرىم - ئايرىم ھالدا مۇكاپاتلاندى. سايىت سادىق 1985-يىل 5 - ئايدا قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ كەسپىي سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلگەن تاللانغان نومۇرلار كۆرىكىدە 1 - دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشىپلا قالماي، ئۇ يازغان كومېدىيە «بەرىكەت» ۋىلايەتكە ۋاكالىتەن، ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن كەسپىي سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ تاللانغان نومۇرلار كۆرىكىگە قاتناشتۇرۇلدى.

سايىت سادىقنىڭ ئىجادىيەت يولىدىكى جاپالىق ئەمگىكى دەسلەپكى قەدەمدە شىرىن مېۋە بېرىشكە باشلىدى. ئۇ ئۆتكەن يىلى شەرەپ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولدى.

سايىت سادىق ھازىر «بىر پارچە خەۋەر» دىگەن تېمىدىكى تېلېۋىزىيە تىياتىرى ئۈستىدە ئىشلىمەكتە.

تۇرغۇن توختى
ئوبۇل مەخمۇت

ئاتۇش ناھىيىسىدە ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ھەۋەسكارلىرىنىڭ ئەلنەغمە كۆرىكى ئۆتكۈزۈلدى

ئاتۇش ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ ئويۇشتۇرۇشى بىلەن يېقىندا ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ھەۋەسكارلىرىنىڭ ئەلنەغمە كۆرىكى ئۆتكۈزۈلدى.

كۆرەككە ناھىيىگە قاراشلىق ھەرقايسى يېزا ۋە كەنتلەردىكى سەنئەت ھەۋەسكارلىرىدىن 33 كىشى قاتناشتى. ئۇلار كۆرەكتە پارتىيىنى، سوتسىيالىزمنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مەدھىيىلەيدىغان يېزا ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى زور ئۆزگىرىشلەرنى كۈيلەيدىغان ناخشا، مۇزىكا، كومېدىيىلەردىن 81 نومۇر ئويۇن كۆرسەتتى.

كۆرەك ئاخىرلاشقاندا، ئەستايىدىل

مۇنى ساغلام، دەۋر روھى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن 34 نومۇر ياخشى نومۇر بولۇپ تاللاندى، 11 كىشى ياخشى ئورۇنلىغۇچى بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلاندى، ئۇنىڭدىن باشقا، كۆرەككە قاتناشقان باشقا سەنئەت ھەۋەسكارلىرىمۇ رىغبەتلەندۈرۈش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ئەركىن ئابدۇقادىر

بىر قەدەر چوڭ بولغان 1 - خەلق دوختۇرخانىسى.

ئۆز مۇخبىرىمىز ھەيرەت ئوسمان فوتوسى



يېقىندا قومۇل شەھەردە داغدۇغىلىق يىغىن ئېچىلىپ، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى جەريانىدا مەيدانغا كەلگەن ئىلغار ئورۇنلاردىن 19 ئورۇنغا «مەدەنىيەتلىك ئورۇن» دەپ نام بېرىلدى.

«مەدەنىيەتلىك ئورۇن» دەپ نام ئالغان ئورۇنلار باشتىن- ئاخىر ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تەڭ تۇتقان. ئۇلار ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىسلاھات ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تۇتۇش ۋەزىپىلىرىنى بەلگىلەپ، بۇ خىزمەتنى قاتلاممۇ قاتلام ئورۇنلاشتۇرغان، خىزمەتلەرنى ۋاقتى ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ يەكۈنلىگەن، بۇ ئارقىلىق شۇ ئورۇندىكى ئىسلاھات خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

ئابدۇكېرىم راخمان

كۆرەك ئاخىرلاشقاندا، ئەستايىدىل سېلىشتۇرۇپ باھالاش ئارقىلىق، مەز-

تارقىتىش خىزمىتىدىكى مۇنەۋۋەر ياش

ئۆز مۇخبىرىمىز غوجاش مەھەممەت

غۇلجا شەھىرى بويىچە گېزىت- ژۇرنال تارقىتىش خىزمىتىدە 1-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن رەيھانگۈل كېرىم تاشكۆۋرۈك يېزا تاشكۆۋرۈك كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ياش ئوقۇتقۇچىسى.

تاشكۆۋرۈك كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىدە 220 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى، 15 نەپەر ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى بولۇپ، مەكتەپنىڭ مەخسۇس ئوقۇتۇش بىناسى بولمىغانلىقتىن، ئوقۇغۇچىلار ئۈچ ئورۇنغا بۆلۈنۈپ ئوقۇيتتى. رەيھانگۈل ئوقۇش - ئوقۇتۇش شارائىتى ناچار بولغان بۇ مەكتەپكە خىزمەتكە كەلگەن تۆت يىلدىن بۇيان ھەپتىسىگە 19 سائەت خەنزۇچە دەرس ئۆتكەندىن باشقا، مەكتەپنىڭ پىئونېرلار خىزمىتىنى، تازىلىق خىزمىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ ئىشلەش بىلەن بىللە، بۇ مەكتەپتە گېزىت - ژۇرناللارغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى ئىشلەپ كەلمەكتە.

رەيھانگۈل گېزىت - ژۇرناللارغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش- تارقىتىش خىزمىتىنى ئىشلەشتە، ئالدى بىلەن، تەشۋىقات خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى، بىر تەرەپتىن سىنىپ تەربىيىچىلىرى ئارقىلىق مۇشتەرى توپلاشنى چىڭ تۇتسا، يەنە بىر تەرەپتىن دەم ئېلىش ئارىلىقىدىن، گىمناستىكا ۋاقتىدىن، پىئونېرلارنىڭ ئۆگىنىش ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، «ئۆسمۈرلەر گېزىتى»، «تارىم غۇنچىلىرى» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللارنىڭ خاراكتېرى ۋە مەزمۇنلىرىنى، بۇلاردىن پايدىلانغاندا، ئەتراپلىق بىلىم ئالغىلى، نۇرغۇنلىغان قىزىقارلىق نەرسەلەرنى ئۆگىنىۋالغىلى، بىلىم دائىرىسىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتكىلى بولىدىغانلىقىنى ياش- ئۆسمۈرلەرگە زېرىكمەي چۈشەندۈردى. گېزىت - ژۇرناللارنىڭ ئىسمىنى، ئۇلارنىڭ چىقىش ۋاقتىنى، ئايلىق، پەسىللىك، يېرىم يىللىق ۋە يىللىق باھاسىنى چوڭ ھەرپ بىلەن يېزىپ چاپلاپ، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا، مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ۋە ئىلمىگە قىزىقىدىغانلىقىغا قاراپ تاللاپ مۇشتەرى بولۇشنى تەشەببۇس قىلدى.

تەتىل ۋاقىتلىرىدا ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى، ئوقۇغۇچىلارنى گېزىت - ژۇرناللارغا مۇشتەرى بولۇپ، ۋاقتىدا گېزىت - ژۇرناللاردىن پايدىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، سەككىز سىنىپتىن بىردىن ئوقۇغۇچى تاللاپ، تارقىتىش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، بۇ گۇرۇپپىغا ئۆزى مەسئۇل بولدى. بۇ گۇرۇپپا ھەر 10 كۈندە بىر قېتىم گېزىت - ژۇرناللارنى ئائىلىلەرگە ئاپىرىپ تارقىتىش بىلەن بىللە، مۇشتەرى قوبۇل قىلىش ئىشىنىمۇ بېجىرىپ كەلدى.

رەيھانگۈل كېرىم مۇشتەرى توپلاش ۋە تارقىتىش خىزمىتىنى مۇھىم خىزمەت سۈپىتىدە چىڭ تۇتۇپ ئىشلىگەنلىكتىن، بۇ يىل بۇ مەكتەپ مۇشتەرى بولغان گېزىت - ژۇرنال 1000 نۇسخىدىن ئېشىپ، ھەربىر كىشىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن تۆت نۇسخىدىن توغرا كەلدى، بۇ، ئۆتكەن يىل بىلەن سېلىشتۇرغاندا بىر ھەسسە كۆپ.

تارقىتىش خىزمىتىدە شەھەر بويىچە ئۈلگە بولغان رەيھانگۈل 11- ئاي كىرىشى بىلەن كېلەر يىللىق گېزىت - ژۇرناللارغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ئىشلەشكە كىرىشىپ كەتتى.

* * *

پەچان ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ۋە پوچتا- تېلېگراف ئىدارىسىدىكى بىر قىسىم خادىملار ئاساسىي قاتلاملارغا بېرىپ، ئاممىغا كېلەر يىللىق گېزىت- ژۇرناللارغا مۇشتەرى بولۇش توغرىسىدا تەشۋىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ گېزىت - ژۇرنالغا مۇشتەرى بولۇش قىزغىنلىقىنى ئاشۇردى. بۇنىڭ بىلەن بۇ ناھىيىدە گېزىت- ژۇرنالغا مۇشتەرى بولغانلار ئۆتكەن يىلدىكىدىن ئۈچ پىرسەنت ئاشتى. سۈرەتتە: پوچتا خادىمى گېزىت - ژۇرنالغا مۇشتەرى قوبۇل قىلماقتا.

سېيىتنىياز سايىم فوتوسى.

مارالبېشىدا مەدەنىي يادىكارلىقلارنى قېزىشقا ئەھمىيەت بېرىلمەكتە

مارالبېشى ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى ئۇيۇشتۇرغان ئاسارە - ئەتىقىلەرنى قېزىش - تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ناھىيە بازىرىدىن 45 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى توققۇز ساراي (تاگۇاگچىك) خارابىلىقىغا بېرىپ، ئەينى زاماندا دېھقانلار ئىشلەتكەن خام، پالاز قاتارلىق يادىكارلىقلارنى قېزىپ چىقتى. ئۇلار يەنە بۇ خارابىلىققا يېقىن تىم شەھىرى دېگەن جايدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، دېھقانلار تېپىۋالغان بىر قىسىم نەرسىلەرنى يىغىۋالدى. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى توققۇز ساراي خارابىلىقىدىن 30 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى لەلى تاغ دېگەن جايغا بېرىپ، ھازىرغا قەدەر ھېچكىم كىرىشكە پېتىنالمىغان، كىشىلەر ئاغزىدا قورقۇنچلۇق رىۋايەتلەرگە ئايلانغان، ئىگىزلىكى 5 مېتىر كېلىدىغان ئۆڭكۈرنى تەكشۈردى.

ئەنۋەر تۇرسۇن

توپلۇق يېزىلىق پارتكوم پەن - تېخنىكا خادىملىرىنى تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بەرمەكتە

يېڭىسار ناھىيىسىدىكى توپلۇق يېزىلىق پارتكوم ئىلىم - پەن ئۆگىنىشكە زوقى بار 68 نەپەر ياشنى تەشكىللەپ، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، توكچىلىق سىنىپلىرى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەر مەدەنىيەت تولۇقلاش سىنىپى ئاچتى. بۇ سىنىپلارغا دەرس ئۆتۈشكە مەخسۇس 11 نەپەر ئوقۇتقۇچى ئاجراتتى. ئۇلار زىيالىي ياشلارغا نەزەرىيە ئۆگىتىپلا قالماي، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈپ ئۆگىتىشنى ئاساس قىلماقتا.

بۇ زىيالىي ياشلار تەربىيىلىنىپ چىققاندىن كېيىن، يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشتا تايانچ كۈچلەردىن بولۇپ قالغۇسى.

ئابدۇللا ئابدۇرېشىت

(ئۆز مۇخبىرىمىز)

ئاقسۇ ۋىلايىتىدە تەزكىرە خادىملىرىنىڭ ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىلدى

ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تەزكىرە كومىتېتى يېقىندا ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار ۋە يېزا ئىگىلىك 1 - شىسىغا قاراشلىق تۈەن - مەيدانلاردىكى تەزكىرە خىزمىتىنى ئىشلەۋاتقان كادىرلار، ھەر قايسى ناھىيە (شەھەر) لىك تەزكىرە ئىشخانىسىدىكى خادىملاردىن 90 نەچچە كىشىنى قاتناشتۇرۇپ، ۋىلايەت بويىچە ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى.

بۇ كۇرستا ۋىلايەتلىك تەزكىرە كومىتېتىدىكى مەسئۇل يولداشلار تەزكىرە يېزىشنىڭ ئەھمىيىتى، رولى ۋە سوتسىيالىستىك يېڭىچە تەزكىرە يېزىش ئۇسۇلى ھەققىدە كۇرسانتلارغا دەرس ئۆتتى. كۇرسانتلار كۇرس جەريانىدا دەرس ئاڭلاش، كىتاب كۆرۈش ۋە مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق تەزكىرە يېزىش خىزمىتىگە بولغان چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇردى.

كۇرس ئاخىرىدا كۇرسانتلاردىن ئىمتىھان ئېلىندى.

ئەركىن سەمەت

ئەخمەت زەيدىن ھۆسنخەت كەچكۇرسى ئاچتى

مايتاغ نېفىت ئىشچىلار كۇلۇبى تەشۋىقات بۆلۈمىدىكى ئەخمەت زەيدىن تەشكىلىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، يېقىندا ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئىشتىن سىرتقى ھەقسىز ھۆسنخەت ئۆگىنىش كەچكۇرسى ئاچتى.

ئەخمەت زەيدىن بۇ كۇرستا ھەپتىدە تۆت سائەت دەرس ئۆتۈپ، كېلەر يىل 5 - ئايغىچە داۋاملاشتۇرماقچى.

ھازىر بۇ كۇرستا 20 دىن ئارتۇق كىشى ئوقۇماقتا.

ئەزىز ھەسەن

مەدەنىيەت خەۋەرلىرى

لى پېڭ پايتەخت ياشلىرىنىڭ «9 - دېكابىر» ھەرىكىتىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىدا سۆز قىلدى

ئۇلۇغ دەۋردىكى قۇرغۇچىلاردىن بولايلى

شىنخۇاشې، بېيجىڭ، 8 - دېكابىر خەۋىرى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى لى پېڭ بۈگۈن پايتەخت ياشلىرىنىڭ «9 - دېكابىر» ھەرىكىتىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىدا «ئۇلۇغ دەۋردىكى قۇرغۇچىلاردىن بولايلى» دېگەن تېمىدا سۆز قىلدى. لى پېڭ ئۆز سۆزىدە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن نامىدىن، «9 - دېكابىر» ھەرىكىتىگە قاتناشقان پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر قايسى جايلىردىكى پېشقەدەم يولداشلارغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈردى.

ئۇ مۇنداق دېدى: «9 - دېكابىر» ھەرىكىتىنىڭ تارىخىي تەجرىبىلىرى شۇنى چۈشەندۈرۈپ بەردىكى، ياشلار ھەرىكىتى دەۋر ئېقىمىغا ماسلىشىپ، خەلقنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇنلىشىپ، كومپارتىيە رەھبەرلىكىدە تەشكىللىنىپ، ئىنتىزاملىق كۈچ بولۇپ شەكىللىنىپ، خەلق ئاممىسى بىلەن بىردەك ئىتتىپاقلاشقاندىلا، ئاندىن تارىخ تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشالايدۇ. لى پېڭ «9 - دېكابىر» ھەرىكىتىنىڭ ئۇلۇغ ئەھمىيىتىگە يۇقىرى باھا بېرىپ مۇنداق دېدى: جاھانگىرلار جۇڭگو خەلقى ئۈستىدىن زورلۇق-زومبۇلۇق قىلىدىغان دەۋر ئاللىقاچان كەلمەسكە كەتتى، جۇڭخۇا مىللىتى دۇنيادىكى مىللەتلەر قاتارىدا قەد كۆتەردى. ھازىر ئالدىمىزدا تۇرغان مەركىزىي ۋەزىپە ۋەتىنىمىزنى گۈللەندۈرۈش. يەنى ۋەتىنىمىزنى گۈللەنگەن، باي، قۇدرەتلىك ھەم يۈكسەك ماددى مەدەنىيەتكە ئىگە، ھەم يۈكسەك مەنىۋى مەدەنىيەتكە ئىگە قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت. بۇ نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، جەمئىيەتنىڭ تېچ - ئىتتىپاق بولۇشىنى قوغداپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور كۈچ بىلەن يېزا ئىسلاھاتى كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى، شەھەر ئىسلاھاتىدىمۇ مۇھىم قەدەم تاشلاندى. پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپتىمۇ ئىسلاھات باشلاندى. دەرۋەقە، شۇنىمۇ سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، بىر مىليارت نوپۇسقا ئىگە چوڭ دۆلەتتە ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتى يەنىلا ئىنتايىن تەكشىسىز بولىدۇ، ئومۇمىي يۈزلۈك چوڭقۇر ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشتا يورۇقلۇقلا بولۇپ، قاراڭغۇلۇق بولماسلىقى، نەتىجىلا بولۇپ، كەمچىلىك بولماسلىقى، مەسىلە ۋە قىيىنچىلىق كۆرۈلمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس، بەلكى بەزى سەۋەنلىكلەرمۇ يۈز بېرىشى مۇمكىن. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ بۇنىڭغا تۇتقان پوزىتسىيىسى قەتئىي، تەۋرەنمەي، ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆرۈپ، مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا سېزىپ، ۋاقتىدا ھەل قىلىپ، قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھاتىمىزنى ساغلام يول بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىتىشتىن ئىبارەت. شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشتىكى مەقسىتىمىز جۇڭگونىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان سوتسىيالىزم قۇرۇش يېڭى يولىنى تېپىپ چىقىشتىن ئىبارەت. بىز، بىر تەرەپتىن، ئىشچىلار، دېھقانلار، زىيالىيلارنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇش ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى ئىشقا سېلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن، چەتئەللەرنىڭ ئىلغار تېخنىكا ۋە بەزى ئىلغار باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنى كىرگۈزۈپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش سۈرئىتىنى تېزلىتىش ۋە ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش ئىقتىدارىمىزنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، ئىچكى جەھەتتە ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش سىياسىتىنى قوللىنىۋاتىمىز. بىز سوتسىيالىستىك دۆلەت، بىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىگىلىكىمىز ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكى ئاساسىدىكى ئىگىلىك. دۇنيادىكى ئىجتىمائىلاشقان يىرىك ئىشلەپچىقىرىش ۋە تاۋار ئىگىلىكى جەھەتتە ۋەتىنىمىزنى قىزغىن سۆيىدۇ، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى ھىمايە قىلىدۇ، ماركسىزم-لېنىنىزمنى ئۆگىنىشنى خالايدۇ، ئىسلاھاتنى ھىمايە قىلىدۇ ۋە قوللايدۇ. زامانىمىز ياشلىرى ئىدىيىدە سەزگۈر، ئۇلارنىڭ بىلىمگە ئىنتىلىشى كۈچلۈك، پەن، مەدەنىيەت بىلىملىرى بىر قەدەر مول، بۇ ئىنتايىن قىممەتلىك. لېكىن ياش ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزلىرى ساقلىنالمايدىغان بەزى ئاجىزلىقلىرىدىمۇ بار. ئۇبول[illegible]ئاساسلىقى، ئەمە[illegible]تتىن ئايرىلىپ قېلىش، ئەمەلىيەت داۋامىدا چېنىقىشى كەمچىل بولۇشتىن ئىبارەت. كىتاۋىي بىلىمگىلا ئىگە بولۇپ، ئەمەلىيەتكە سەل قارىغاندا، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ھەرقانداق مۇرەككەپ ئەمەلىي مەسىلىنى توغرا تونۇغىلى ۋە توغرا ھەل قىلغىلى بولمايدۇ.

لى پېڭ مۇنداق دېدى: ياش ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھازىرقى ئاساسىي ۋەزىپىسى ئۆگىنىش دېگەنلىكىمىز ھەرگىزمۇ ئۇلاردىن دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلمەي، باش چۆكۈرۈپ كىتاب ئوقۇشنىلا تەلەپ قىلغانلىق ئەمەس. دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە، پارتىيە [illegible]ھۆكۈمەت تۇر[illegible] پۈرسەتلەرنى يارىتىپ، ياش ئوقۇغۇچىلارنى ئۆگىنىش مەزگىلىدىلا ئىجتىمائىي ئەمەلىي تۇرمۇشنى كەڭ دائىرىدە چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭغا قاتنىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ ھازىرقى قۇرۇلۇش، ئىسلاھات ۋە باشقا خىزمەتلەر ئۈستىدە، پارتىيە ئىستىلى ۋە ئىجتىمائىي كەيپىياتتا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىر، تەنقىد ۋە تەكلىپلەرنى بېرىشىنى قارشى ئالىدۇ، بولۇپمۇ ئۆزلىرى ئەڭ كۆپ ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان، ئۆزلىرى بىلەن ئەڭ زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان مائارىپ ئىسلاھاتىنى پائال قوللىشى ۋە ئۇنىڭغا پائال قاتنىشىشىنى تېخىمۇ ئۈمىد قىلىدۇ.

لى پېڭ ئاخىردا مۇنداق دېدى:

«9 - دېكابىر» ھەرىكىتىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن بېيجىڭ داشۆنىڭ بارلىق ئوقۇغۇچىلىرى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا خەت يازدى

شىنخۇاشې، بېيجىڭ، 7 - دېكابىر تېلېگراممىسى. بېيجىڭ داشۆ بۈگۈن ئۆتكۈزگەن «9 - دېكابىر» ھەرىكىتىنىڭ 50 يىللىقىنى، «21 - يانۋار» ھەرىكىتىنىڭ 40 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىدا بېيجىڭ داشۆ ئوقۇغۇچىلار ۋەكىلى بېيجىڭ داشۆ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا يازغان بىر پارچە خېتىنى ئوقۇپ ئۆتتى.

بېيجىڭ داشۆ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ خېتىدە ئەجدادلارنىڭ مىللەتنىڭ مۇستەقىللىقى، خەلقنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن قوشقان تۆھپىلىرى ئەسلەپ ئۆتۈلگەندىن كېيىن، مۇنداق دېيىلگەن: دۆلىتىمىزنى يۈكسەك مەدەنىيەتكە، يۈكسەك دېموكراتىيىگە ئىگە، زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش — زامانىمىز ياشلىرىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى. دۇنيا كۆز تىكىپ تۇرۇۋاتقان ئىقتىساد، پەن - تېخنىكا، مائارىپ قاتارلىق جەھەتلەردىكى تۈزۈلمە ئىسلاھاتى-زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ مۇقەررەر يولى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدىكى ئۇلۇغ ئىزلىنىش. ئۇ، ئېلىمىز خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، جۇڭگونىڭ تەرەققىيات يۈنىلىشىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئىسلاھاتنى پائال قوللاش ۋە ئۇنىڭغا پائال قاتنىشىش — زامانىمىزدىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى.

خەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: ئىسلاھات ئۇلۇغ تارىخىي ئىجادىيەت، چوڭقۇر ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش بولۇپ، ئۇ، خەلقنىڭ بۈيۈك كۈچىنى مىسلىسىز دەرىجىدە جارى قىلدۇردى، ۋەتىنىمىز زېمىنىغا جۇشقۇن ھاياتىي كۈچ بېغىشلىدى. بىز قەتئىي ئىشىنىمىزكى، پارتىيە رەھبەرلىكى بولغانلىقى ئۈچۈن، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىلىق، ئىسلاھات چوقۇم ئۆزلۈكسىز غەلىبىگە ئېرىشىدۇ. ئارزۇ قىلىدىغان ياشلار ئىسلاھات ئۈچۈن ياخشى مۇھىت ۋە شارائىت يارىتىشقا تىرىشىشى، ئىسلاھات داۋامىدا يۈز بەرگەن قىيىنچىلىقلارنى ئاڭلىق تۈردە بىرلىكتە يېڭىشى لازىم. قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات تېچ- ئىتتىپاق سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ بولۇشىغا مۇھتاج، بىز ھەممەيلەن بۇخىل ۋەزىيەتنى ئاڭلىق قوغدىشىمىز لازىم. ئىسلاھات بىزگە گۈزەل ئىستىقبال ئېچىپ بەردى، غايە بىزنىڭ قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلىشىمىز ۋە تىرىشىپ ئەمگەك قىلىشىمىز ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ.

خەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: بىز تارىخىي مەجبۇرىيىتىمىزنى تېخىمۇ ياخشى ئۈستىمىزگە ئېلىش ئۈچۈن، ئىسلاھاتتا قىزغىنلىق بىلەن ئىلمىي پوزىتسىيىنى بىرلەشتۈرۈش لازىملىقىنى ھېس قىلدۇق. بۇنىڭ ئۈچۈن، پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەت ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش، ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، ئىسلاھات جەريانىنى ئومۇمىي يۈزلۈك بىلىش لازىم. ئۆگەنگەن بىلىملىرىمىزنى جۇڭگونىڭ ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشقا تىرىشىپ تەدبىقلاپ، ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەريانىدا يۈز بەرگەن مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىپ، ئىسلاھاتنى بىلىم، ئەقىل - پاراسەت ۋە ئەمگىكىمىز بىلەن قوللىشىمىز، تەشۋىق قىلىشىمىز، ئالغا سۈرۈشىمىز لازىم. بىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئاساسىي ۋەزىپىمىز ئۆگىنىش. بىز كىتاۋىي بىلىملەرنى تىرىشىپ تەتقىق قىلىپ، ماركسىزمنى، پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ياخشى ئۆگىنىپلا قالماستىن، بەلكى جەمئىيەتتىن ئىبارەت چوڭ كىتابنى ياخشى ئوقۇپ، خەلق ئاممىسىنى ئۆزىمىزگە ئۇستاز تۇتۇپ، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت داۋامىدا چېنىقىشىمىز، تەشكىللىنىش ئىقتىدارىمىز ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتچانلىقىمىزنى يېتىشتۈرۈپ، ئۆزىمىزنىڭ سۈپىتىنى ئومۇمىي يۈزلۈك ئۆستۈرۈشىمىز لازىم. بىز ئۆزىمىزنى

بولۇشنى قوغداپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، تەرەققىي زامانىۋىلاشتۇرۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بۇ، ھازىرقى دەۋرنىڭ تەقەززاسى، خەلقنىڭ ئارزۇسى ۋە تەلىپى. لى پېڭ ئېلىمىزدىكى ياش ئوقۇغۇچىلارنىڭ چوقۇم پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە، ۋەتەننى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت مەركىزىي ۋەزىپىنى چىڭ تۇتۇپ، ھازىر ئېلىمىزنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىپ ئوقۇشىنى، كېيىن ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش يولىدا تىرىشىپ خىزمەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلدى.

لى پېڭ مۇنداق دېدى: نۆۋەتتە ئېلىمىزنىڭ ۋەزىيىتى ناھايىتى ياخشى. سىياسىي جەھەتتە تىنچ-ئىتتىپاق بولۇۋاتىدۇ، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۈدا، مۇقىم، ماسلاشقان ھالدا تەرەققىي قىلىش دەۋرىگە قەدەم قويدۇق، خەلق تۇرمۇشى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ياخشىلاندى. بۇ، ھەممەيلەن ئېتىراپ قىلىدىغان، ھەممەيلەن كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان پاكىت. ئېلىمىزدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان تۈرلۈك ئىسلاھاتلارنىڭ ۋەزىيىتىمۇ ياخشى بولۇۋاتىدۇ.

ئىگىلىك. دۇنيادىكى ئىجتىمائىلاشقان بىرلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋە تاۋار ئىگىلىكى جەھەتتە بەزى ئورتاق قانۇنىيەت بولغاچقا، بىز ئەمەلىي ئەھۋالىمىزغا بىرلەشتۈرۈپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ، جۈملىدىن كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ بەزى باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنى ئەينەك قىلىپ ۋە قوبۇل قىلىپ، ئۇنى ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرساق بولىدۇ. ئەمما بىز كاپىتالىزمنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈمى ۋە سىياسىي تۈزۈمىنى قوبۇل قىلالمايمىز. كاپىتالىزمنىڭ قىممەت كۆز قارىشى ۋە چىرىك تۇرمۇش ئۇسۇلىنى قوبۇل قىلالمايمىز، چۈنكى ئۇلار بىزنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمىمىزگە زىت. شۇڭا بىز ئىسلاھاتتا چوقۇم سوتسىيالىزم يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم. كاپىتالىزم يولىغا مېڭىشقا ئۇرۇنۇش جۇڭگودا ئاقمايدۇ، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش جۇڭگونىڭ ئىشلىرىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىدۇ، شۇڭا ئۇمۇ ئاقمايدۇ.

لى پېڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: بىز دەۋرىمىزدىكى ياش ئوقۇغۇچىلارغا توغرا باھا بېرىشىمىز لازىم. ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكىلىرى سوتسىيالىستىك

نى تېخىمۇ ئۈمىد قىلىدۇ.

لى پېڭ ئاخىردا مۇنداق دېدى: پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ياشلارغا سەمىمىي ئۈمىد باغلايدۇ. بىز ياش ئوقۇغۇچىلارنىڭ چوقۇم «9- دېكابىر» ھەرىكىتىنىڭ شانلىق ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، ۋەتىنىمىزنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشىدا ئالدىنقىلارغا قارىغاندا تېخىمۇ زور تۆھپە قوشىدىغانلىقىغا، ئۇلۇغ دەۋردىكى قۇرغۇچىلاردىن بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

لىق كۆرسىتىشى ئارقىلىق، ئىسلاھات چوقۇم ئۈزلۈكسىز ھالدا ئىلگىرىلەيدۇ. ئەمما، ئىسلاھات ئۇلۇغ ھەم مۇرەككەپ ئىجتىمائىي سىستېما قۇرۇلۇشى، بىر تارىخىي جەريان بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى بىر يولىلا ئورۇنلاپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس. ھازىر جەمئىيەتتە ساقلىنىۋاتقان بىر مۇنچە مەسىلىلەرنى ئىسلاھاتنىڭ ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ، ئىسلاھاتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى ئارقىلىقلا تەدرىجىي تۈگەتكىلى بولىدۇ. ئىسلاھاتنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنى

تۇرۇپ، ئۆزىمىزنىڭ سۈپىتىنى ئومۇمىي يۈزلۈك ئۆستۈرۈشىمىز لازىم. بىز ئۆزىمىزنى ئۇلۇغۋار غايە، چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە، ياخشى تەربىيەلەنگەن، ھەم ئىستراتېگىيىلىك نەزەرگە، ھەم ئەمەلىي ئىشلەش روھىغا، ھەم روشەن خاسلىققا، ھەم كوللېكتىۋىزملىق روھقا ئىگە بىر ئەۋلاد يېڭى كىشىلەرگە ئايلاندۇرۇشىمىز لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، مىللەتنىڭ گۈللىنىشى، جۇڭخۇانىڭ يۈكسىلىشى ئۈچۈن ئۆز تۆھپىمىزنى قوشالايمىز.

* * *



قىسقا خەۋەرلەر

△ چىڭخەي ئۆلكىلىك يۇڭ توقۇمىچىلىق سانائىتى سىستېمىسى مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، ئېكسپورت مىقدارىنى ئاشۇردى. بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى ئون ئېيىدا ئۆلكە بويىچە يۇڭ توقۇلما بۇيۇملارنىڭ ئېكسپورت مىقدارى ئۆتكەن يىلنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 60 پىرسەنتتىن ئارتۇق ئاشتى.

△ كەيلۇەن كان ئىشچىلىرى ئىدارىسىنىڭ يەنە بىر چوڭ تىپتىكى كۆمۈر كانى — لىننەنساڭ كانى 11-ئاينىڭ 21-كۈنى رەسمىي ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. لىننەنساڭ كانى بېيجىڭ، تيەنجىن، تاڭشەن دېلتىسى رايونىدىكى يۈتيەن ناھىيىسىدە بولۇپ، قاتناش قولايلىق، كۆمۈر كانىنىڭ لايىھىسىدىكى يىللىق ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 1 مىليون 200 مىڭ توننا، تېپىشقا بولىدىغان كۆمۈرنىڭ زاپاس مىقدارى 150 مىليون توننىدىن ئارتۇق.

△ 5000 توننا مېۋە ساقلىيالايدىغان زامانىۋى سوغاق ساقلاش ئامبىرى لەنجۇدا پۈتۈپ ئىشلىتىلمەكتە، بۇ، ھازىر غەربىي شىمال رايونى بويىچە مېۋىلەرنى سوغاق ساقلايدىغان ئەڭ چوڭ ئامبار.

بۇ سوغاق ساقلاش ئامبىرىنى سېلىشنى سودا مىنىستىرلىكى 1983-يىلى تەستىقلىغان، ئۇنىڭغا ئالتە مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، ئۆتكەن يىل 5-ئايدا ئىش باشلىنىپ، يېقىندا پۈتۈپ ئىشلىتىلىشكە تاپشۇرۇلدى.

(شىنخۇاشې)



كىنوخانىلاردا

ياڭ ئائىلىسىدىكى پالۋانلار

3- بىناكارلىق كۇلۇبىدا: بۈگۈن ۋە ئەتە 3 تە، 5.20 دە، 7.40 تا، 10 دا؛

«ئىتتىپاق» تىياتىرىدا: بۈگۈن ۋە ئەتە 12 دە، 2.10 دا، 4.30 دا، 7 دە، 9.20 دە؛

غەربىي پويىز ئىستانسىسىدا: ئەتە 1.20 دە، 3.20 دە، 7 دە، 9 دا.

پاراخوتنىڭ ھىندى ئوكيانىدىكى ھالاكىتى

«1- ماي» كىنوخانىسىدا: بۈگۈن 11.20 دە، 1.20 دە، 3.20 دە، 6 دە، 8 دە، 10.30 دا؛

«ئۆكتەبىر» زالىدا: بۈگۈن 12.20 دە، 2.20 دە، 4.20 دە، 7 دە، 9 دا؛

«بەخت» كىنوخانىسىدا: ئەتە 5.10 دا، 9.10 دا؛

بالىلار كىنوخانىسىدا: ئەتە 12 دە، 1.50 تە، 6.10 دا، 8 دە، 9.50 تە.

ئەرلەر ۋە ئاياللار

بالىلار كىنوخانىسىدا: بۈگۈن 12.20 دە، 2.10 دا، 4.10 دا، 6.10 دا، 8 دە، 9.50 تە؛

«بەخت» كىنوخانىسىدا: بۈگۈن 5.10 دا، 9.10 دا؛

ياشلار كۇلۇبىدا: ئەتە 3 تە، 7.20 دە، 9.40 تا.

ئۇلۇغ بۇرۇلۇش

«خەلق» كىنوخانىسىدا: بۈگۈن 10.40 تا، 1.40 تا، 4.40 تا، 7.40 تا، 10.40 تا؛

«تىنچلىق» كىنوخانىسىدا: بۈگۈن 11.20 دە، 2 دە، 5 تە، 8.20 دە؛

«شەرق شامىلى» كىنوخانىسىدا: بۈگۈن 3.20 دە، 6.20 دە، 9.20 دە.

بىپايان چۆلدىكى ئۆركەش

«خەلق» كىنوخانىسىدا: ئەتە 11.30 دا، 1.40 تا، 3.50 تە، 6 دە، 8.10 دا، 10.20 دە؛

«تىنچلىق» كىنوخانىسىدا: ئەتە 12 دە، 2.10 دا، 4.20 دە، 6.30 دا، 8.40 تا؛

«شەرق شامىلى» كىنوخانىسىدا: ئەتە 5.10 دا، 7.20 دە، 9.30 دا.

شياڭسى قىزلار سارىيى

«1- ماي» كىنوخانىسىدا: ئەتە 11.20 دە، 1.20 دە، 3.20 دە، 6 دە، 8 دە، 10.30 دا؛

«ئۆكتەبىر» زالىدا: ئەتە 12.20 دە، 2.20 دە، 4.20 دە، 7 دە.

«دېڭىز قاراقچىسى»نىڭ ئايال پادىشاسى

غەربىي پويىز ئىستانسىسىدا: بۈگۈن 1.20 دە، 7 دە، 9 دا.

پەرىزات فۇرۇڭ

ياشلار كۇلۇبىدا: بۈگۈن 3 تە (9 دا يۈگەلگەن بورا قوشۇپ قويۇلىدۇ).



بۈگۈن تېلېۋىزوردا

8 - قانال

20:30 ناخشا - ئۇسسۇل
21:00 مەملىكەت خەۋەرلىرى، خەلقارا خەۋەرلەر
21:30 شىنجاڭ خەۋەرلىرى
21:43 بۈگۈنكى دۇنيا
21:58 ئەنگلىيە تېلېۋىزىيە تىياتىرى: يوقالغان سۈرەتنىڭ سىرى

5 - قانال

20:30 مەملىكەت خەۋەرلىرى، خەلقارا خەۋەرلەر
21:00 شىنجاڭ خەۋەرلىرى
21:13 ۋەتىنىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا: دېڭىز بويىدىكى مەرۋايىت — چىڭداۋ
21:36 تېلېۋىزىيە تىياتىرى: ئەجدىھارنىڭ ئەۋلادلىرى (1-، 2-، 3- قىسىملىرى)

12 - قانال

19:30 ھۆججەتلىك فىلىم: ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى
20:10 ئامېرىكا تېلېۋىزىيە تىياتىرى: ناخشا مەستانىسى

(«شىنجاڭ رادىيو - تېلېۋىزىيە گېزىتى»دىن ئېلىندى)

قۇمۇل مائارىپ ئىنىستىتۇتىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسىنى ئالماشتۇرۇپ بېرىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى

ئىنىستىتۇتىمىزدا 1984- يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار 1986- يىل 1- ئاينىڭ 10- كۈنىدىن بۇرۇن، ئۆزىنىڭ خىزمەت قىلىۋاتقان ئورنىنىڭ ئادرېسىنى ئېنىق يېزىپ، ئەسلىدە تارقىتىپ بېرىلگەن ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى بىلەن ئىككى يۈەن پۇل ۋە يالاڭباش چۈشكەن بىر پارچە رەسىمىنى قوشۇپ، ئىنىستىتۇتىمىزنىڭ ئىلمىي باشقارمىسىغا ئەۋەتىپ بەرسە، ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ، ۋاقتى ئۆتۈپ كەتسە بېجىرىپ بېرىلمەيدۇ.

قۇمۇل مائارىپ ئىنىستىتۇتى

تارىخىي چىنلىق، يارقىن ئوبراز

مەھەممەت ئىمىن

سۆزھەمگە

شىنخەي ئىنقىلاۋىنىڭ تېز تېكىسى بىلەن مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا زۇلۇمغا قارشى كۈرەش ئۇچقۇنلىرى يالقۇنلاپ، فېئودال خانلىق تۈزۈمگە قارشى ئىلغار كۈچلەر بارغانسېرى ئۇلغايدى. قۇمۇل ۋاڭلىقى مانجۇ خاندانلىقىنىڭ شىنجاڭدىكى خەلق قوزغىلاڭلىرىنى باستۇرۇشىغا ماسلىشىپ، خەلق ئۈستىدىكى زۇلۇمنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. دەل مۇشۇ تارىخىي شارائىتتا، 1907- يىلىدىن 1913- يىلىغىچە قۇمۇلدا ئەكسىيەتچىل ۋاڭلىققا قارشى دېخانلار قوزغىلىڭى پارتلىدى. يازغۇچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر «ئىز» رومانىدا مانا شۇ تارىخىي ۋەقەنى ئاساسىي تېما قىلىپ، شەرقىي شىنجاڭنىڭ مۇئەييەن بىر تارىخىي دەۋردىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەھۋاللىرى بىلەن بۇنىڭدىن 70 نەچچە يىل بۇرۇنقى ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ روشەن كارتىنىسىنى خىلمۇ-خىل تىپىك پېرسوناژلار ئارقىلىق سۈرەتلەپ بەردى.

رومانىنىڭ ئىدىيىۋى ئەھمىيىتى، ئالدى بىلەن، فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى سىنىپىي زىددىيەت ۋە سىنىپىي كۈرەشنى مۇئەييەن دەرىجىدە ئېچىپ بەرگەنلىكى، مىلىتارىستلار ۋە ۋاڭ-فوجىلارنىڭ دېخانلارنى رەھىمسىز ھالدا ئەزگەنلىكى، شۇنداقلا ۋاڭ-فوجىلارنىڭ چىرىك تۇرمۇشىنى كەڭ ۋە چوڭقۇر پاش قىلغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. روماندا خەلقنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بارلىقىنى بېغىشلىغان خەلق قەھرىمانى تۆمۈر خەلپە تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن مەدھىيىلەنگەن، ئۇنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ۋە كەچۈرمىشلىرى ئارقىلىق دېخانلارنىڭ زۇل-

شۇ چاغدىكى ئىلغار سىنىپ ۋە ئىلغار كۈچلەرنىڭ ئىنقىلاۋىي دېموكراتىك ئىدىيىسىنى چوڭقۇر ھەم ئەتراپلىق ھالدا ئەكس ئەتتۈرگەن.

ئۇنىڭغا قارىمۇ-قارشى ھالدا، ھەر قانداق رەزىللىكنى قىلىشتىن باش تارتمايدىغان ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ ۋەكىلى شامەخسۇت ۋاڭ، ھاشىر تەيجى، ئىزبەگ، ئۇۋەيس ئەلەم باشلىق ئوردا بەگلىرىنىڭ ئەپتى-بەشىرىسى يىرگىنىشلىك ئوبرازلار ئارقىلىق ئېچىپ بېرىلگەن، بولۇپمۇ شامەخسۇتنىڭ پۈتۈن قۇمۇل دىيارىغا دەھشەت سالغان ۋە قۇمۇل تارىخىدا ئەڭ يامان نام قالدۇرغان زالىم ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ قانخورلۇغى تۈپەيلىدىن قۇمۇل خەلقىنىڭ ئىنتايىن ۋەيرانچىلىق، نامراتچىلىقتا تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكى جانلىق سۈرەتلەپ بېرىلگەن. ئاپتور قۇمۇل تارىخىدا بولۇپ ئۆتكەن «تورپاق يېغىلىغى»دىكى ۋەھشىيانە قانلىق قىرغىنچىلىقنى ۋە شامەخسۇتنىڭ مال-چارۋىلىرىنى سانايدىغان چاغدا چارۋىچىلارنىڭ جېنىنى ئېلىپ جاڭگالدا قويىدىغان قىيناشلىرىنى كىشىنىڭ يۈرىگىنى مىجىيدىغان دەرىجىدە تەسۋىرلەپ، بۇ قېتىمقى دېخانلار قوزغىلىڭىنىڭ ھەقىقىي سەۋەبىنى ئېچىپ بەرگەن.

ئاپتور روماندا، بىر تەرەپتىن، قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ھەقىقىي قىياپىتى ۋە ماھىيىتىنى ئېچىپ بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، كىتاپخانلارغا دېخانلارنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئەقىل - پاراسىتىنى ۋە ئۇلارنىڭ غايەت زور ئىجادىي كۈچىنى نامايەن قىلىدۇ، روماندا تەسۋىرلەنگەن قوزغىلاڭچى قوشۇن قەھرىمانلىرىنىڭ كۆپچىلىگى ئىنقىلاۋىي روھقا باي ۋە ئۇلۇغۋار غايىگە ئىگە كىشىلەردۇر.

خەلپىنىڭ ئوبرازىنى جانلىق يارىتىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنى كەسكىن زىددىيەت ۋە كۈرەش ئىچىگە قويۇپ، ئۇنىڭ ھەركىتى ئارقىلىق خاراكتېرىدىكى مۇھىم تەرەپلەرنى ئېچىپ بەرگەن.

«ئىز» رومانىنىڭ ئاساسىي روھى رېئالىزىم بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا رومانتىزىملىق تۈس خېلىلا قويۇق بولۇپ، كىشىلەرگە كۈچلۈك تەسىر قىلىدۇ. روماندا باش قەھرىمان كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەت ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئورتاق غايە ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ، گۈزەل كېلەچەككە ئىنتىلىش ۋە ئۇنى ئارزۇ قىلىشنى ئۆزىنىڭ كۈچ - قۇۋۋەت مەنبەسى دەپ قارايدۇ. شۇڭا، روماندىكى ھەسسىيات بارغانسېرى جىددىي تۈس ئالىدۇ ۋە ئۇرغۇپ تۇرىدۇ، شۇ سەۋەپتىن تۆمۈر خەلپىنىڭ ئوبرازى كىتاپخانلارنىڭ كۆز ئالدىدا خۇددى ھاياتتەك گەۋدىلىنىدۇ.

رومانىنىڭ تىلى نەپىس، گۈزەل، ئىخچام ۋە ئېنىق بولۇپ، بەدىئىي سېھرىي كۈچكە ئىگە. ئەسەر[illegible] باي ۋە ئەۋرىشىم تىلى، ئۇنىڭدىكى ئوخشىتىشلار، جانلىق ۋە خىلمۇ - خىل ئىستىلىستىك ۋاسىتىلەر، چوڭقۇر تەسىراتلار ھاۋىغا يارىتىلغان ئوبرازلار، ھەسسىيات ئالامەتلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تەپەككۇر ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلىپ تۇرغان مول تەسەۋۋۇرلارنىڭ ھەقىقىي بايانى رومانىنى رەڭگا - رەڭ ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلغان. ئۇنىڭدا مۇبالىغە قىلىش ئۇسۇلىمۇ قوللىنىلىپ، پېرسوناژلارنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقى ۋە كەيپىياتى يارقىن ئىپادىلەنگەن.

تەبىئەت مەنزىرىسى قىسقا، ئىخچام تەسۋىرلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ مۇھەببەت ۋە ئۆركەشلەپ تۇرغان ھىس-تۇيغۇ بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ، شېئىرىيەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. روماندىكى بۇ خىل مەنزىرە تەسۋىرى بىلەن ھەسسىيا-

---

بايراملىق گۈلدەستە

تېلېۋىزىيە كونسېرت فىلمى «مەن شىنجاڭنى سۆيىمەن»نى كۆرگەندىن كېيىن

چى خۇشتىن

سەھنە ۋە ئېكران

مەن يېقىملىق، ئىللىق ئۆكتەبىر كۈنلىرىدە، ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتناشقان ھەر مىللەت ئاممىسى بىلەن بىللە، تېلېۋىزوردىن شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى لېنتىغا ئالغان تېلېۋىزىيە كونسېرت فىلمى «مەن شىنجاڭنى سۆيىمەن»نى كۆرۈپ، ئىنتايىن ھاياجانلاندىم.

«مەن ۋەتىنىمىزنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى كۆپلىگەن جايلارغا بارغان بولسامۇ، يەنىلا شىنجاڭنى ياخشى كۆرىمەن» دېگەن ئاددىي، ئەمما چوڭقۇر مەنىلىك ناخشا مېنى تولىمۇ تەسىرلەندۈردى. ئۇ كىشىلەرنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدىغان كۈچلۈك لىرىكىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغىنى ئۈچۈن بىرلا قېتىم ئاڭلىغان كىشى ئۇنى ئوڭايلا ئەستە قالدۇرالايدۇ.

ئارقىدىنلا، تېخىمۇ ماختاشقا ئەرزىيدىغان «ئېيخ شىنجاڭ، سۆيۈملۈك شىنجاڭ»دېگەن ناخشىنى ئاڭلىدىم. ئۇنىڭ رىتىمى بەكمۇ يېقىملىق بولۇپ، كىشىنى شاتلاندۇرىدۇ. ئۇ، خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى ناخشا ئۇسلۇبىغا ئىگە بولۇپ، «مەن شىنجاڭنى سۆيىمەن، شىنجاڭ مېنى سۆيىدۇ، مەن شىنجاڭدىن ھەرگىز ئايرىلالمايمەن»دېگەن ھەسسىياتنى ھەقىقىي ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

يولداش شى گۇاڭنەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ياخشى كۆرىدىغان كومپوزىتورلارنىڭ بىرى، ئۇنىڭ يولداش خېن ۋېيىنىڭ «ئېيخ! بۈركۈت» (ئايالچە ئوتتۇرا ئاۋازلىق ناخشا)، «شاتلىق ئۇرغۇغان دەريا» (ئەرلەر قوش ئاۋازلىق ناخشىسى) دېگەن ئىككى ناخشا تېكىستىگە ئىشلىگەن ئاھاڭىمۇ ئۆزگىچە ئۇسلۇپقا ئىگە. ئۇنىڭدىن باشقا، تاجىك ۋە قازاق مىللىتى خەلق ناخشىلىرىنىڭ يىراق ۋە يېقىندىن ئېيتىلغان ئاھاڭلىرىنى بىر يەرگە ئۇلاپ، رېتىمىنى ئۆزگەرتكەن ناخشىلىرىمۇ ئىنتايىن يېقىملىق ئاڭلىنىدۇ.

«ئېيخ، بۈركۈت» دېگەن ناخشا ئادەمنى ئىختىيارسىز ئايدىڭ كېچىدىكى پامىر ئېگىزلىكىنىڭ يايلاقلىرىغا ئېلىپ بېرىپ، كېچە مەنزىرىسىگە چۆمگەن بۈك - باراقسان قارىغايزارلىقلار ئىچىگە باشلاپ كىرىدۇ. ناخشىنىڭ ئاخىرقى قىسمى تېخىمۇ ئالاھىدە بولۇپ، ئادەمگە بۈركۈت بىلەن قىزچاقنىڭ ئېيتىشىشىنى ھىس قىلدۇرىدۇ. بۇ ناخشىنى «باھار چېچەكلىرى»دېيىشكە بولىدۇ، چۈنكى مول مەزمۇنلۇق، كۆپ خىل، لەززەتلىك نومۇرلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، «باھار چېچەكلىرى» كەم بولسا بولمايدۇ. نومۇرلارنىڭ تېخىمۇ ئالاھىدىلىكى شۇكى، بۇ ئەسەرلەر نومۇر ئورۇنلىغۇچىغا قايتا ئىجات قىلىش ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ بېرىدۇ.

«شاتلىق ئۇرغۇغان دەريا» قازاق خەلقىنىڭ ئەرلەر قوش ئاۋازلىق ناخشىسى بولۇپ، ئۇ جانلىق، ئېنىق، راۋان ھالەتتە باشتىن-ئاخىر دومبۇرانىڭ تەڭكەش قىلىنىشى بىلەن ئېيتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن يايلاق پۇرىقى چىقىپ تۇرىدۇ. ناخشىدا ئۈزۈلمەي تەكرارلىنىدىغان «لالى، لالى، لالى» ئاۋازى قازاق خەلق ناخشىلىرىدا دائىم قوللىنىلىدىغان ياردەمچى ئاھاڭ بولۇپ، قازاق ياشلىرىنىڭ خۇشخۇي خاراكتېرىنى ئىپادىلەيدۇ. ناخشىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا لىرىكىلىق رىتىم ئاساس قىلىنىپ، يايلاقتىكى بەختلىك تۇرمۇش، شىرىن مۇھەببەت ئىپادىلەنگەن. ناخشىدىكى رىتىم كىشىگە كۆمۈش رەڭ ئىلى دەرياسىنى ئەسلىتىدۇ.

ئەگەر بۇ تېلېۋىزىيە كونسېرت فىلمىنى «بايراملىق بىر دەستە گۈل» دېسەك، «بۈگۈنكى گۈزەل شىنجاڭ»دېگەن ناخشىنى شۇ گۈلدەستىدىكى بىر دانە ئەتىر گۈل دېيىشكە بولىدۇ. بۇ ناخشىنىڭ سۆزى گۈزەل بولۇپلا قالماي، مۇزىكىسى تېخىمۇ گۈزەل ۋە قىزىقارلىق، ئالاھىدە ئۇسلۇبقا ئىگە. ئۇ ناخشا داپنىڭ تەڭكەش قىلىنىشى بىلەن ئېيتىلىدۇ. تاماشىبىنلار ئورۇنلىغۇچىنىڭ بىر ئېيتىپ، بىر تىنىشلىرىدىن چەكسىز ھوزۇرلىنىدۇ.

بۇ تېلېۋىزىيە كونسېرت فىلمى، شىنجاڭنىڭ ناخشا ئىجادىيىتىنىڭ مەل-

◆



مىشلىرى ئارقىلىق دىخانلارنىڭ زۇلمەتلىك، قاراڭغۇ رىياللىقنىڭ ئاچچىق ساۋاقلىرى ئارقىسىدا ئويغىنىپ، زۇلۇم ۋە جاھالەتكە قارشى كۈرەشكە ئاتلانغانلىقى، مۇستەھكەم جەڭگىۋار قوشۇن بولۇپ يېتىشكەنلىكى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. تۆمۈر خەلپە قوزغىلاڭغا تەييارلىق قىلىنىۋاتقان كۈنلەردىن باشلاپ، زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىنى يوقىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا قەسەمياد قىلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ كۈرەش نىشانىسى يالغۇز قوزغىلاڭچى قۇمۇل دىخانلىرىنىڭلا كۈرەش نىشانىسى بولماستىن، بەلكى ئەينى ۋاقىتتىكى پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭمۇ كۈرەش نىشانىسى ئىدى. ئاپتور روماندا بۇ مەركىزىي نۇقتىنى پۇختا ئىگەللەپ ۋە مېغىزلىق ھالدا بايان قىلىپ،

ۋار غايىگە ئىگە كىشىلەردۇر.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئاپتورنىڭ قۇمۇل تارىخىدا بولۇپ ئۆتكەن «تۆمۈر خەلپە يېغىلىقى»نى رومانىنىڭ تېمىسى قىلىشتىكى مەقسىدى تارىخنى قايتا ئەكس ئەتتۈرۈش بولماستىن، بەلكى تارىخىي شەخسلەرگە بولغان مىزھەببەت ۋە نەپرەتنى ھازىرقى زامان پرولېتارىياتىنىڭ مەيدانى، كۆز قارىشى بويىچە ئېنىق ئىپادىلەشتىن ئىبارەت.

ياخشى تارىخىي رومان كىتابخانلارنى نۇرغۇن ئەھمىيەتلىك تارىخىي بىلىملەرگە ئىگە بولۇش، تارىخىي ھاياتنى بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، تارىخىي رومان «ئىز» كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكەن. روماندا بايان قىلىنغان ئاساسلىق ۋەقەلەر بىلەن شەخسلەر ۋە ئەينى زاماندىكى شەرقىي شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئۆرپ-ئادەتلىرى، تۇرمۇش مەنزىرىلىرىنىڭ تەسۋىرلىنىشىمۇ تارىخىي ھۆججەتلەر بىلەن بىردەكلىككە ئىگە قىلىنىپ، رومانىنىڭ تارىخىي چىنلىق دەرىجىسىنى ئاشۇرغان.

رومانىدىكى ۋەقەلەر جانلىق، ئەگرى-توقاي بولۇپ، پېرسوناژلار خېلى دەرىجىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك ياردىتىلغان، ئاپتور بولۇپمۇ تۆمۈر

مەنزىرە تەسۋىرى بىلەن ھېسسىياتىنىڭ گىرەلىشىشى ئەسەرنىڭ رومانتىزىملىق خۇسۇسىيىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان

سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزدە ئەدەبىيات - سەنئەت پارتىيە ئىشلىرىنىڭ بىر قىسمى، شۇڭا ئۇ ھەر بىر مەسئۇلىيەتچان يازغۇچىدىن داۋاملىق ئىلگىرىلەپ، ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، خەلق ياخشى كۆرىدىغان ئەسەرلەرنى يېزىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بىز يازغۇچىلىرىمىزنىڭ يەنىمۇ چىدام-غەيرەت بىلەن ئىشلەپ، ۋەتەن، خەلققە يەنىمۇ ئېسىل ئەسەرلەرنى تەقدىم قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

166 - سان

* * *



(مەسەل)

كالا بىر كۆنلۈك ئېتىز ئەمگىكىنى تۈگىتىپ، ئىگىسى بىلەن دەرۋازا ئالدىغا كەلگەندە، كۈچۈك قورا ئىچىدىن قۇيرۇقىنى شىپپاڭلىتىپ ئىگىسىنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ. ئۆي ئىگىسى سومكىسىدىن بىر پارچە ناننى ئېلىپ، ئۇنىڭغا تاشلاپ بېرىپ كىرىپ كېتىپتۇ. كېيىن كۈچۈك ماختىنىپ: «مەن كۈن بويى قورادا بىكار يۈرسەممۇ، ئىگەم ماڭا نان بېرىدۇ، سەن ئەتىگەندىن كەچكىچە ئېتىزدا ئىشلىسەڭمۇ، ساڭا سامان بېرىدۇ» دەپتۇ. كالا ئاچچىقلانغان ھالدا كۈچۈككە تىنە قىلىپ: «مەن ساڭا ئوخشاش قۇيرۇق شىپپاڭلىتىپ خوشامەت قىلىشنى ياخشى كۆرمەيمەن - دە» دەپتۇ.

رىشت راخمان تەرجىمىسى

شىنجاڭنىڭ ناخشا ئىجادىيىتىنىڭ [illegible]لى ئالاھىدىلىككە ھەم دەۋر روھىغا ئىگە يېڭى بىر دەۋرگە قەدەم قويغانلىقىنى، ساغلام يۈكسىلىپ، گۈزەللىك ھەم ئاممىباپلىققا قاراپ يۈزلەنگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ھاجى مۇھەممەت تەرجىمىسى



يولىمىز، بەختىمىز، كەلگۈسىمىز ئاپپاق

ئۆتكۈرجان مەھەممەت فوتوسى

* * *

«مۇزىكا ئىلاھى» بېتخوۋېن

1786 - يىلى، گېرمانىيىلىك 16 ياشلىق مۇزىكانت بېتخوۋېن تۇنجى قېتىم ۋېناغا كېلىدۇ. ئاۋستىرىيە مۇزىكانتى مۇزارت ئۇ ئورۇنلىغان مۇزىكىلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھاياجانلىنىپ: «بېتخوۋېنغا دىققەت قىلىڭلار، ئۇ كەلگۈسىدە پۈتۈن دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرىدۇ» دەيدۇ. مۇزارت توغرا مۆلچەرلىگەن ئىدى. بېتخوۋېن (1772 — 1822) مۇزىكا تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن زور رول ئوينىغان، ئۇ كىلاسسىك مۇزىكا تەرەپدارلىرى ۋە رومانتىك مۇزىكا تەرەپدارلىرىنىڭ مۇزىكىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى يول ئېچىپ، «مۇزىكا ئىلاھى» دېگەن ئىززەتلىك نامغا ئىگە بولغان.

بېتخوۋېن گېرمانىيىنىڭ رېين شەھىرىدە تۇغۇلغان، ئۇ كىچىكىدىن تارتىپ مۇزىكا جەھەتتىكى ئىستېداتىنى كۆرسەتكەن ئىدى. ئۇ 12 ياشقا كىرگەندە، ئۆزى ئىجات قىلغان مۇزىكىلارنىڭ نوتىلار توپلىمىنى چىقارغان. 14 ياشقا كىرگەندە، دادىسىنىڭ كىرىمى ئاز بولغاچقا، پادىشا ئوردىسىدا مۇزىكانت - سازەندىلەرگە ئۇستاز بولغان.

بېتخوۋېن بىر قانچە مۇھىم تارىخىي ۋەقە يۈز بەرگەن مەزگىلدە ياشىغان، بۇنىڭ ئىچىدە فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى ئۇنىڭ ئىجادىيىتىگە ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرىدە ئۆزىنىڭ بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىغا بولغان قىزغىنلىقىنى ئىپادىلىگەن، غايىسىدىكى قەھرىمانلارنى مەدھىيىلىگەن. ئۇنىڭ 3-سىمفونىيىسى—«قەھرىمان» فرانسىيىدىكى بۈيۈك ئىنقىلاپتىن ئىلھام ئېلىپ ئىجات قىلىنغان. ئۇ ئەسلىدە بۇ سىمفونىيىنى ناپالېئونغا بېغىشلىماقچى بولغان، ئەمما ناپالېئوننىڭ ئۆزىنى پادىشا دەپ ئېلان قىلغانلىقى ئۇنىڭ غەزىپىنى قوزغىغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ سىمفونىيىنىڭ تېكىستىنى ئۆزگەرتىپ، ئۆز غايىسىدىكى قەھرىمانلارغا بېغىشلىغان. بۇنىڭدىن باشقا، فرانسىيىدىكى بۈيۈك ئىنقىلاپ جەريانىدا كېلىپ چىققان ئاممىۋى مۇزىكىلارمۇ بېتخوۋېنغا بىۋاسىتە تەسىر قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ 2- سىمفونىيىسىدە «مارسېل مارشى» تېمپىسىدىكى ناخشىلارنى، 3 - سىمفونىيىسىدە فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلاۋى دەۋرىدىكى ئاممىۋى مۇزىكىلارنىڭ ژانىرلىرىنى، مەسىلەن، مەدھىيە كۈيى، تەزىيە مارشى، ئۇسسۇل مۇزىكىسى قاتارلىقلارنى ئىشلەتكەن.

بېتخوۋېننىڭ مۇھەببەت - نەپرىتى ناھايىتى ئېنىق ئىدى. ئۇ: «مېنىڭ سەنئىتىم پەقەت يوقسۇللارغا بەخت يارىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ» دېگەن. بېتخوۋېن ئىجادىيەتتە تولىمۇ ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇنىڭ مۇزىكىلىرىنىڭ مەزمۇنى چوڭقۇر، ئىپادىلەش ۋاسىتىسى يېڭى، شەكلى ئۆزگىچە بولۇپ، پۈتۈن دۇنيادىكى مۇزىكانتلارنىڭ ئىجادىيىتىگە ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇنىڭ «فىتالىئو» ناملىق ئوپېراغا يازغان مۇزىكىسىنىڭ لايىھە نوتىسى 250 بەتتىن ئېشىپ كەتكەن. ئۇ، بىز ئوپېرادىكى فىلورىسىنىڭ كۈيلەش ئاھاڭىنى ئىشلەش ئۈچۈن، ئوخشاش بولمىغان 12 خىل لايىھە ئىشلىگەن. ئۇ گاس بولۇپ قالغاندىن كېيىنمۇ مەشھۇر 9 - سىمفونىيە قاتارلىق مۇزىكىلارنى ئىجات قىلغان. رومىن روللان: «بېتخوۋېن قان - تەرى بەدىلىگە مۇزىكىدىكى تېپى، ئاھاڭلارنى بىر - بىرلەپ ئۆزىگە بويسۇندۇردى» دېگەن.

شەمشات تەرجىمىسى

△ تەبىئىي خۇسۇسىيىتىدىن ئېيتقاندا، ئادەملەرنىڭ ھەممىسى سەنئەتكاردۇر. ئۇلار ھەرقان[illegible]ق يەردە ياشىس[illegible]ۇ، ھامان ئۆز تۇرمۇشىغا گۈزەللىك بە[illegible]ش ئېتىشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

— گوركىي (سوۋېت ئىتتىپاقى)

△ مەن ئاتاقلىق ئاپتور، يازغۇچىلاردىن بولۇش ئۈچۈن رومان يازغان ئەمەس، پەقەت ئۆتمۈشتىكى تۇرمۇش مېنى قەلەم ئېلىشقا مەجبۇر قىلغان.

— باجىن

△ ھەقىقىي شائىرلارلا خەلقنىڭ ئىرادىسى ۋە ئېھتىياجىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ.

— كېلاۋر (شىۋېتسارىيە)

△ تۇرمۇشتىن تاللانغان سۆز ۋەزىنلىك بولىدۇ، كىتاب يۈزىدىن تاللانغان سۆز گۈزەل بولغىنى بىلەن رىياللىقنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمەيدۇ.

— لاۋشې

△ چىنلىق ئىچىدە كۆپ ھاللاردا ئالتۇنمۇ، توپىمۇ بولىدۇ، تەپسىلىي تەكشۈرۈپ، ناچىرىنى چىقىرىۋېتىپ، ياخشىسىنى تاللىۋېلىشقا ماھىر بولۇشىمىز كېرەك.

— لاۋشې

△ توغرا ۋە ئىخچام بولۇش نەسرى ئەسەرنىڭ مۇھىم خۇسۇسىيىتى. ئۇنىڭ تەلەپ[illegible]ىدىغىنى ئىدە[illegible] ئىدىيە توغرا بولمىسا، ھەر قانچە ياخشى جۈملىلەرمۇ بىر تىيىنغا ئەرزىمەيدۇ.

— پوشكىن (روسىيە)

△ بەلگىلىك ئەدەبىي ۋاستە ئارقىلىق، ھەقىقىي ئادەم ۋە ھەقىقىي ئىشلارنى تېز ھەم ۋاقتىدا ئەكس ئەتتۈرۈش — ئەدەبىي ئاخباراتنىڭ ئەڭ مۇھىم خۇسۇسىيىتى.

—گوشاۋچۇەن

△ ئويلاش، ئويلاش، يەنە ئويلاش كېرەك. چوڭقۇر ئويلانماي تۇرۇپ يازغان نەرسە ئەرزىمەس نەرسە بولۇپ قالىدۇ.

— چېرنىشېۋسكى (روسىيە)

ماشۆشۇ تەرجىمىسى

جاۋزىياڭ زۇڭلى يەتتە جەنۇبىي ئاسىيا دۆلىتىنىڭ باشلىقلار يىغىنىنى تەبرىكلەپ تېلېگرامما ئەۋەتتى

شىنخۇاشې، بېيجىڭ، 6 - ئۆكتەبىر تېلېگراممىسى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭلىسى جاۋزىياڭ تۈنۈگۈن بېنگال جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭتۇڭى ئېرشادقا تېلېگرامما ئەۋەتىپ، يەتتە جەنۇبىي ئاسىيا دۆلىتىنىڭ باشلىقلار يىغىنىغا قاتنىشىدىغان دۆلەت باشلىقلىرىنى قىزغىن تەبرىكلىدى ھەمدە يىغىننىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈردى. تېلېگراممىنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

داككا

بېنگال خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭتۇڭى گېنېرال خۇسەيىن مۇھەممەد ئېرشاد جانابلىرىغا:

يەتتە جەنۇبىي ئاسىيا دۆلىتى باشلىقلىرى يىغىنى چاقىرىلغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە خەلقى نامىدىن ھەمدە ئۆز نامىمدىن، جانابلىرىنى ھەم جانابلىرى ئارقىلىق يىغىنغا قاتنىشىدىغان ھەر قايسى ئەل باشلىقلىرىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن.

بىز خۇشاللىق بىلەن كۆردۇقكى، بېنگال دۆلىتى تەشەببۇس قىلغان جەنۇبىي ئاسىيا رايونى ھەمكارلىقى يەتتە دۆلەتنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ئارقىسىدا خۇشاللىنارلىق ئىلگىرىلەشكە ئېرىشتى. بۇ، جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى خەلقلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن بولۇش بىلەنلا قالماي، بۇ رايوننىڭ تىنچلىقى ئۈچۈنمۇ پايدىلىق. يەتتە جەنۇبىي ئاسىيا دۆلىتى باشلىقلىرى يىغىنىنىڭ چاقىرىلغانلىقى — جەنۇبىي ئاسىيادىكى زور ئەھمىيەتلىك ۋەقە. جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ خوشنىسى ۋە دوستى بولغان جۇڭگو جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرىنىڭ ئىناق، دوستانە ئۆتۈپ،

ھەر قايسى ئەللەر خەلقلىرىگە بەخت يارىتىشىنى ۋە جەنۇبىي ئاسىيانىڭ تىنچلىقى ھەم مۇقىملىقىنى قوغدىشىنى، جەنۇبىي ئاسىيا رايونىنىڭ ئۆز ئارا ھەمكارلىقى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمەن.

يىغىننىڭ تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا تىلەكداشمەن.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى گوۋۇيۈەنىنىڭ زۇڭلىسى
جاۋزىياڭ
1985 - يىل، 5 - دېكابىر، بېيجىڭ

فاڭ يى چېخوسلوۋاكىيىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى ئوبچېنا بىلەن سۆھبەتلەشتى

شىنخۇاشې، بېيجىڭ، 6- دېكابىر تېلېگراممىسى. دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى فاڭيى بۈگۈن بۇيەردە مۇنداق دېدى: جۇڭگو بىر بىرىنى ھۆرمەت قىلىش، باراۋەرلىكتە ئۆز-ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئاساسىدا، چېخوسلوۋاكىيە بىلەن بولغان ھەر قايسى جەھەتلەردىكى دوستلۇق-ھەمكارلىق مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇشنى خالايدۇ.

فاڭيى بۈگۈن چۈشتىن كېيىن چېخوسلوۋاكىيە ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى ھەم دۆلەت پەن-تېخنىكا ۋە تەرەققىيات مەبلەغ سېلىش كومىتېتىنىڭ رەئىسى يارومىل ئوبچېنا بىلەن سۆھبەتلەشكەندە، جۇڭگو بىلەن چېخوسلوۋاكىيىنىڭ ھەمكارلىقىنىڭ ياخشى ئاساسقا ۋە كەڭ ئىستىقبالغا ئىگە ئىكەنلىكى ئۈستىدە توختالدى. ئۇ چېخوسلوۋاكىيىنىڭ ئېلىمىز بىلەن ھەرخىل شەكىلدىكى ئىقتىسادىي، تېخنىكا ھەمكارلىقىنى

ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئوبچېنا يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان ئىككى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي، سودا، پەن-تېخنىكا ھەمكا[illegible]لىقىدا قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپە[illegible]يەتلىرى ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق بولىدۇ، دېدى. ئۇ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى تەرەققىياتىنىڭ ئىستىقبالىدىن ئۈمىدۋار ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

ئوبچېنا جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ئېلىمىزدە رەسمىي زىيارەتتە بولۇش ئۈچۈن بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن بېيجىڭغا كەلگەن ئىدى.

ۋەن لى، جاۋپۇچۇلار ياپونىيە - جۇڭگو ياشلىرى دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئاپتوموبىللىق زىيارەت ئۆمىكى بىلەن كۆرۈشتى

شىنخۇاشې، بېيجىڭ، 5 - دېكابىر تېلېگراممىسى. گوۋۇيۈەنىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى ۋەن لى بۈگۈن چۈشتىن كېيىن ياپونىيە - جۇڭگو ياشلىرى دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئاپتوموبىللىق زىيارەت ئۆمىكى بىلەن كۆرۈشتى.

150نەپەر ياپونىيىلىك ياشتىن تەركىب تاپقان بۇ ئۆمەك [illegible]قارا ياشلار يىلىنى خاتىرىلەش، ياپونىيە - جۇڭگو ياشلىرى مۇناسىۋىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئۇلار 11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى شاڭخەيگە كېلىپ، ئەتىسى جۇڭگولۇق ياشلار بىلەن بىللە، ياپونىيىنىڭ دىما زىدا» ماركىلىق 36 ئولىكىۋايىغا ئولتۇرۇپ، 7 كۈن سەپەر قىلىپ، 1900 كىلومېتىر يول يۈرۈپ، بۈگۈن چۈشتە بېيجىڭغا كەلگەن ئىدى.

ئۆمەكنى ئۆمەكنىڭ پەخرى باشلىقى لېن تۇگچۈن، ئۆمەك باشلىقى، ياپونىيىنىڭ مەرھۇم باش ۋەزىرى داپىڭ [illegible]ڭفاگىنىڭ 2 - ئوغلى داپىڭيا، ئۆمەك مەسلىھەتچىسى، ياپونىيىلىك مەشھۇر سىياسىئون، پارلامېنت ئەزاسى تىيەنسىڭفۇلار باشلاپ كەلگەن.

ۋەن لى ئۇلار بىلەن بولغان سۆھبەتتە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ياپونىيىلىك ياش دوستلارنىڭ ئاپتوموبىل بىلەن ساياھەت قىلىش ئۇسۇلى - جۇڭگو - ياپونىيە ئالاقىسىنى يولغا قويۇش، جۇڭگو - ياپونىيە ياشلىرىنىڭ ئۆز ئارا چۈشىنىشى ۋە دوستلۇقىنى كۈچەيتىشنىڭ بىر خىل ناھايىتى ياخشى ئۇسۇلى، ئۇ ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك.

كۆ[illegible]ۈشكە سىياسى كېڭەش مەملىكەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاۋپۇچۇ قاتناشتى ھەمدە زىيارەت ئۆمىكىنىڭ بېيجىڭغا كەلگەنلىكىگە ئاتاپ يازغان بىر كۇپلېت شېئىرىنى ئوقۇپ بەردى.

جاڭ جىڭفۇ ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى كومىتېتىنىڭ رەئىسى بىلەن كۆرۈشتى

بېلگىيىنىڭ قاتناش ۋە تاشقى سودا ۋەزىرى جاڭ جىڭفۇ شەرىپىگە زىياپەت بەردى

شىنخۇاشې، بىريۇسسېل، 4 - دېكابىر تېلېگراممىسى. جۇڭگو - ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى سودا ھەيئىتىگە قاتناشقان جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى جاڭ جىڭفۇ بۈگۈن بىريۇسسېلدىكى ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى كومىتېتىنىڭ باش ئىشتاۋىدا ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى كومىتېتىنىڭ رەئىسى ياك دىلور بىلەن كۆرۈشتى.

رەئىس دىلور كۆرۈشۈشتە مۇنداق دېدى: ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى جۇڭگونىڭ ھەرقايسى ساھەلەردە قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئىنتايىن مەدھىيىلەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئورتاق گەۋدە جۇڭگو بىلەن بولغان ئىقتىسادىي، سودا مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنى ئىنتايىن خالايدۇ.

ئۇ، جۇڭگونىڭ ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتىكى پوزىتسىيىسى ئاكتىپ، دەپ ھېساپلايدۇ. ئۇ ئورتاق گەۋدە تەرەپنىڭمۇ جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى تىرىشىپ كۈچەيتىشكە دىققەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

شىنخۇاشې، بىريۇسسېل، خەۋىرى. دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، جۇڭگو - ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسىنىڭ سودا ھەيئىتىگە قاتناشقان جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى جاڭ جىڭفۇ بۈگۈن ئايرىم - ئايرىم ھالدا ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى كوكفىلد، ئەزالىرى شېيسون ۋە كېللېتون دەيۋىسلار بىلەن كۆرۈشتى.

ياۋروپادىكى 10چوڭ بانكىدىن تەركىب تاپقان ياۋروپا ئالاقىلىشىش بانكىسىنىڭ باش مۇدىرى جېك تېيېل كەچە كاتتا كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، جاڭ جىڭفۇ ۋە جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ بارلىق ئەزالىرىنى قارشى ئالدى.

شىنخۇاشې، بىريۇسسېل خەۋىرى. بېلگىيىنىڭ قاتناش ۋە تاشقى سودا ۋەزىرى دېكىرو بۈگۈن چۈشتە زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، جۇڭگو - ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى سودا ھەيئىتىگە قاتنىشىۋاتقان جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى جاڭ جىڭفۇنى كۈتۈۋالدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇئاۋىن تاشقى ئىشلار مىنىستىرى كاپىتسى بېيجىڭغا كەلدى

شىنخۇاشې، بېيجىڭ، 5 - دېكابىر تېلېگراممىسى. سوۋېت ئىتتىپاقى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى كاپىتسى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىمىزنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى چيەن چىچېننىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ئېلىمىزدە زىيارەتتە بولۇش ئۈچۈن بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن بېيجىڭغا كەلدى.

چيەن چىچېن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى شېرباكوپ قاتارلىق كىشىلەر ئايرودرومغا چىقىپ كۈتۈۋالدى.

گرومىكو سوۋېت - ئامېرىكا باشلىقلىرىنىڭ جەنۋە ئۇچرىشىشى ئۈستىدە توختالدى

شىنخۇاشې، موسكۋا، 4- دېكابىر مۇنداق دېدى: بارلىق سوۋېت رەھ-



بوتسۋانادىكى ئۇۋدى قول سانائەت كارخانىسى پايتەخت گابورونېغا يېقىن بولۇپ، 1974- يىلى قۇرۇلغان، ھازىر 40 تىن ئارتۇق ئىشچى-خىزمەتچىسى بار. مۇھىم مەھسۇلاتلىرىدىن گىلەم،

ئەللەرنىڭ ئىناق، دوستانە ئۆتۈپ، ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئاساسىدىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، ئورتاق تەرەققىي قىلىپ، بۇ رايوندىكى ئىقتىسادىي، تېخنىكا ھەمكارلىقنى يولغا قويۇشنى، جۈملىدىن ئېلىمىزنىڭ كونا زاۋۇتلارنى تېخنىكا جەھەتتىن ئۆزگەرتىشىگە قاتنىشىشىنى قارشى



خىزمەتچىسى بار. مۇھىم مەھسۇلاتلىرىدىن گىلەم، داستىخان ۋە باشقا قول سانائەت بۇيۇملىرى بار. بۇ كارخانىنىڭ مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتى ياخشى، نۇسخىلىرى يېڭى بولۇپ، ئىچكى-تاشقى خېرىدارلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

سۈرەتتە: بوتسۋانا ئۇۋودى قول سانائەت كارخانىسىنىڭ ئايال ئىشچىلىرى يىپ ئىگىرمەكتە. (شىنخۇاشې)

شىنخۇاشې، موسكۋا، 4- دېكابىر تېلېگراممىسى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىي سوۋېتى ھەيئەت رىياسىتىنىڭ رەئىسى گرومىكو مۇشۇ ئاينىڭ 4-كۈنى موسكۋادا زىيارەتتە بولۇۋاتقان ئىتتىپاق گېرمانىيىسى پارلامېنت ۋەكىللىرى ئۆمىكى بىلەن كۆرۈشكەندە مۇنداق دېدى: بارلىق سوۋېت رەھبەرلىرى سوۋېت-ئامېرىكا باشلىقلىرىنىڭ جەنۋەدە ئۆتكۈزگەن بىۋاستە، ئوچۇق-يورۇق سۆھبىتى پايدىلىق بولدى، دەپ قارايدۇ.

ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىشنىڭ نەتىجىسى ھازىرقى خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردىكى سىياسىي كەيپىياتنى ياخشىلاشقا ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئۇ، ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئامېرىكا تەرەپ ھاۋا بوشلۇقىنى ھەربىيلەشتۈرۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن ئىبارەت ئاچقۇچلۇق مەسىلە توغرىسىدا زۆرۈر قارار چىقىرىشقا تېخى تەييارلىق كۆرمىگەن، دېدى. گرومىكو ئامېرىكىنىڭ «پلانېتلار ئارا ئۇرۇش» پىلانى ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغان بولسا، ھەربىي تەييارلىقلارنى چەكلەش ۋە ئازايتىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا ئاساس قالمايدۇ، دەپ تەكىتلىدى.

شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىرىنىڭ يىغىنى ئاياغلاشتى

ئىككى كۈن داۋام قىلغان شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى مۇداپىئە پىلانى كومىتېتىنىڭ مىنىستىر دەرىجىلىك يىغىنى 3-دېكابىر كۈنى بىرۇسسېلدا ئاخىرلاشتى. يىغىندا، ئاساسەن، ئامېرىكا-سوۋېت جەنۋە باشلىقلىرى ئۇچرىشىشىنىڭ نەتىجىسى ۋە شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ مۇنتىزىم كۈچلىرىنى كۈچەيتىش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىندى.

يىغىنغا قاتناشقان ھەرقايسى ئەللەرنىڭ دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىرى رېگان زۇڭتۇڭنىڭ ئامېرىكا-سوۋېت باشلىقلىرى سۆھبىتىدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەرنى «تەبرىكلىدى»، ئۇلار ئامېرىكىنىڭ ئامېرىكا-سوۋېت مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاش جەريانىدا كۆرسەتكەن ئىرادىچانلىقىنى تامامەن قوللايدىغانلىقلىرىنى تەكىتلەشتى ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جەنۋە ھەربىي تەييارلىقلار سۆھبىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن ئىلگىرىلەشنى مۇمكىن قەدەر تېز ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىرادىچانلىق كۆرسىتىشىنى مۇراجىئەت قىلدى.

يىغىن ئامېرىكىنىڭ مۇداپىئەلىنىش ۋە ئالەم بوشلۇقى قوراللىرى توغرىسىدىكى كۆز قارىشىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىدىكى بەش ئىتتىپاقداش دۆلەتنىڭ پىلان بويىچە ئوتتۇرا مۇساپىلىق يادرو قوراللىرىنى ئورۇنلاشتۇرغانلىقىدىن مەمنۇن بولۇشتى.

يىغىندا يەنە شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ مۇنتىزىم قوراللىرىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىندى، 1985-يىلدىكى مۇداپىئە ئەھۋالى مۇزاكىرە قىلىندى ھەمدە شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ 1986-يىلدىن 1990-يىلغىچە بولغان مۇنتىزىم قوراللار پىلانى مۇھاكىمە قىلىندى.

(«خەلق گېزىتى» دىن)

ۋيېتنام ئامېرىكا قوشۇنلىرىنىڭ دېرەكسىز يوقالغان يەتتە ئادىمىنىڭ سۆڭىكىنى قايتۇرۇپ بەردى

شىنخۇاشې، خېنەي، 4-دېكابىر تېلېگراممىسى. ۋيېتنام دائىرىلىرى بۈگۈن خېنەي ئايرودرومىدا ۋيېتنام ئۇرۇشىدا دېرەكسىز يوقالغان ئامېرىكا قوشۇنلىرىنىڭ يەتتە ئادىمىنىڭ سۆڭىكىنى ئامېرىكا ۋەكىلىگە تاپشۇرۇپ بەردى.

ۋيېتنام تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ بىر ئەمەلدارى تاپشۇرۇپ بېرىش مۇراسىمىدا مۇنداق دېدى: ۋيېتنامدا دېرەكسىز يوقاپ كەتكەن ئامېرىكىلىقلارنى داۋاملىق ئىزلەيدۇ ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككى يىل ئىچىدە بۇ خىزمەتنى تاماملاشنى ئۈمىد قىلىدۇ.

ۋيېتنام ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن بۇيان، ۋيېتنام ئامېرىكىغا ئامېرىكا قوشۇنىنىڭ دېرەكسىز يوقاپ كەتكەن 100 دىن ئارتۇق ئادىمىنىڭ سۆڭىكىنى قايتۇرۇپ بەردى. ئامېرىكا ھازىر ۋيېتنام ئۇرۇشىغا قاتناشقان يەنە 1700 چە ئادەمنىڭ دېرىكى يوق دەۋاتىدۇ، لېكىن خېنەي بۇ سانغا قوشۇلمايۋاتىدۇ.

* * *



11- ئاينىڭ 24-كۈنى شۋېتسارىيىنىڭ ۋىنتېرتۇر شەھىرىدىن 21 ياشلىق تەنھەرىكەتچى بابار ئەگەنزى شۋېتسارىيىنىڭ سېيۇرىخ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن ۋەلىسپىت مۇسابىقىسىنىڭ 1- كۈنىدىكى مۇسابىقىدە، سائىتىگە 42.319 كىلومېتىر مېڭىپ، 41.087 كىلومېتىرلىق دۇنيا رېكوردىنى بۇزۇپ تاشلىدى. (شىنخۇاشې)

نىكاراگۇئا شۇلتىزنىڭ نىكاراگۇئادىكى ھۆكۈمەتكە قارشى تەشكىلاتنى ئامېرىكىنىڭ چەكسىز قوللايدىغانلىقى توغرىسىدىكى سۆزىگە نارازىلىق بىلدۈردى

شىنخۇاشې، ماناگۇئا، 4-دېكابىر تېلېگراممىسى. نىكاراگۇئا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى بۈگۈن بايانات ئېلان قىلىپ، ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى شۇلتىزنىڭ يېقىندا بايان قىلغان ئامېرىكىنىڭ نىكاراگۇئادىكى ھۆكۈمەتكە قارشى قوراللىق تەشكىلاتنى داۋاملىق قوللايدىغانلىقى توغرىسىدىكى سۆزىگە قاتتىق نارازىلىق بىلدۈردى.

ئامېرىكا «لوس-ئانژېلېس ۋاقتى» گېزىتىنىڭ 2-دېكابىردىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، شۇلتىز بۇ گېزىتكە سۆھبەت بايان قىلغاندا، ئوتتۇرا ئامېرىكا ئەللىرى تېچلىق شەرتنامىسى ئىمزالىغان تەقدىردىمۇ، ئامېرىكا يەنىلا نىكاراگۇئادىكى ھۆكۈمەتكە قارشى تەشكىلاتنى «چەكسىز» قوللايدۇ، دەپ جار سالغان.

نىكاراگۇئا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ باياناتىدا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: شۇلتىزنىڭ بۇ سۆزى «ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ خەلقئارا قانۇنىنىڭ تۈپ مىزانلىرىنى ئىنكار قىلىپ»، قوراللىق تەھدىت سېلىش سىياسىتى يۈرگۈزىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ، كونتادورا گۇرۇھىنىڭ ئوتتۇرا ئامېرىكىدا تېچلىق ئورنىتىش يولىدىكى تىرىشچانلىقلىرى بىلەن زىت بولۇپ، ئوتتۇرا ئامېرىكا تېچلىق شەرتنامىسىنىڭ ئىمزالىنىشىغا توسالغۇ بولدى.

مەرھۇم ئاكىنونىڭ خوتۇنى ئۆكتىچى پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ ئۆزىنى زۇڭتۇڭلۇق نامزاتلىقىغا كۆرسىتىشىگە ماقۇل بولدى

خەۋەرگە قارىغاندا، فىلىپپىن ئۆكتىچىلىرىنىڭ قەتلى قىلىنغان رەھبىرى ئاكىنونىڭ خوتۇنى كوراسون ئاكىنو مۇشۇ ئاينىڭ 3-كۈنى ئۆكتىچى پارتىيە-گۇرۇھلارنىڭ ئۆزىنى كېلەر يىل 2-ئاينىڭ 7-كۈنى ئۆتكۈزۈلىدىغان زۇڭتۇڭ سايلىمىغا قاتنىشىدىغان زۇڭتۇڭلۇق نامزاتلىقىغا كۆرسىتىشىگە ماقۇل بولغانلىقىنى جاكارلىغان.

رايون خاراكتېرلىق ۋە مەملىكەت خاراكتېرلىق ئالتە ئۆكتىچى پارتىيە-گۇرۇھتىن تەركىب تاپقان يېڭى ئۆكتىچى پارتىيىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەھبىرى ئۆتكەن ئاينىڭ 30-كۈنى مانىلادا ئۆتكۈزۈلگەن مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا كوراسون ئاكىنونى زۇڭتۇڭلۇق نامزاتلىقىغا كۆرسىتىدىغانلىقىنى جاكارلىغان ئىدى.

كوراسون ئاكىنو ئۆكتىچى پارتىيىلەرنىڭ ئۆزىنى سايلامغا قاتنىشىدىغان زۇڭتۇڭلۇق نامزاتلىقىغا كۆرسىتىشىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى، ماركوس مۇشۇ ئاينىڭ 3-كۈنى بىر قانۇن لايىھىسىگە ئىمزا قويۇپ، كېلەر يىل 2-ئاينىڭ 7-كۈنى پەۋقۇلئاددە زۇڭتۇڭ سايلىمى ئۆتكۈزۈشنى بەلگىلىگەندىن كېيىن جاكارلىدى.

(«خەلق گېزىتى» دىن)

رېگان زۇڭتۇڭنىڭ دۆلەت خەۋپسىزلىك ئىشلىرى بويىچە مەسلىھەتچىسى ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بەردى

شىنخۇاشې، بېيجىڭ، 5-دېكابىر تېلېگراممىسى. ۋاشىنگتون خەۋىرى: ئامېرىكا زۇڭتۇڭى رېگان مۇشۇ ئاينىڭ 4-كۈنى دۆلەت خەۋپسىزلىك ئىشلىرى بويىچە مەسلىھەتچى مەكفارلاننىڭ ئىستىپاسىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى ھەمدە مەكفارلاننىڭ باش ياردەمچىسى پويىندېكستېرنى دۆلەت خەۋپسىزلىك ئىشلىرى بويىچە مەسلىھەتچىلىككە تەيىنلىگەنلىكىنى جاكارلىدى.

رېگان مەكفارلاننىڭ ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىشىنىڭ سەۋەبلىرىنى ئىزاھلىمىدى، مەكفارلاننىڭ دەم ئېلىشقا چىقىدىغانلىقىنىلا ئېيتتى.

مەكفارلان 1983-يىل 10-ئايدا دۆلەت خەۋپسىزلىك ئىشلىرى بويىچە مەسلىھەتچىلىككە تەيىنلەنگەن ئىدى.

ئادرېسى، ئۈرۈمچى شەھىرى، تېلېفون باش ئاپاراتى: 42711، 42712، 52722، 42723، 42733، 42734، ئېلان بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 42940، تېلېگراف نومۇرى: 5028، گېزىتنىڭ ئايلىق باھاسى 1.50 يۈەن، پارچە باھاسى 5 پۇڭ (گېزىت تىزىملاش نومۇرى: 102)